# ئىلى دەرياسى

# 伊犁河


# ILI RIVER

2

2012



ISSN 1005-8710



شائىر ئابلەت ئابدۇللا 1944- يىلى 12- ئاينىڭ 5- كۈنى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان . 1983- يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىدا مۇخبىر، مۇھەررىر، بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن . ئۇ 50 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا خەلق ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلىگەن لىرىك شېئىرلىرى ۋە بىر قانچە ھېكايە، نەسىرلىرى، چوڭقۇر پىكىرلىك پۇبلىستىك ماقالىلىرى بىلەن ، دىيارىمىزدىلا ئەمەس مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان .ھازىرغىچە ،،كۈمۈش ئۈزۈكچە،،، ،،ئاق دالا،،، ،،چىدىساڭ ياشا،، قاتارلىق كىتابلىرى نەشىر قىلىنغان .بىرقانچە شېئىرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا نائىل بولغان . بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇ، رۇس،تۈرك ۋە قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان .بىز بۇ يۈكسەك قەلەم ساھىبىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە بەرىكەت ، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز .



شائىر ئابدۇغېنى ھامۇدى 1960 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4- كۈنى قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1981 - يىلى غۇلجا ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، ناھىيەلىك ئۈچىئون خويزۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 2005 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. شائىرنىڭ ئىجادىيتى 1980 - يىلى باشلانغان بولۇپ ، ھازىرغىچە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرنالاردا 900 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە تېپىشماقلىرى ، بىرقانچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بىر توركۈم شېئىرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بىر توركۈم شېئىر، روبائىيلىرى بىرلەشمە توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. 10 نەچچە پارچە ناخشا تېكىستىگە ئاھاڭ ئىشلەنگەن. ئۇ ھازىر ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

بىز شائىرنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

سۈرەتنى خالمۇرات قېيۇمبەگ تارتقان


## مۇقاۋىدا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش ئېنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ، دوكتور يېتەكچىسى،جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى - ھوشۇر ئىسلام

ئۈركەش جاپپار فوتوسى

# ئىلى دەرياسى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)



2012 ـ يىل 2 ـ سان

(34 ـ يىل نەشرى، ئومۇمىي 186 ـ سان)

# ئىلى دەرياسى

2

2012

## بۇ ساندا

### نەسرىي ئەسەرلەر

ساقىينىڭ قارغىشى(ھېكايە) ...............قەيسەر قېيۇم (05)

ئارقا تام(پوۋېست) ...............ماخمۇت يولۋاس (14)

### شېئىرلار

ياخشى يولدا ياخشىلار...............مۇھەممەتجان راشىدىن (45)

شېئىرلار ...............تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن (46)

ياندى بۇ ئوت تەن ئارا...............ئابدۇغېنى ھامۇدى (49)

پىغان...............قاسىم سىدىق (50)

ئايدىڭدىكى ئېچىرقاش ...............ئەھمەد يولداش (53)

كېچە بىلەن مۇڭدىشىش ...............مەسئۇد ئىسا (75)

ئىچىمدىكى يىلان ...............ئەدىھەم ئىبراھىم (77)

### يارقىن يۇلتۇزلار

بۇ رىۋايەت ئەمەس...............ئابلەت ئابدۇللا (54)

### كۆڭۈل ئالبومى

دادام يىغلىدى ...............سەنەۋەر ئابدۇراخمان (80)



باش مۇھەررىر:
شاكىرجان ئېلاجى
主编：夏克尔江.依拉吉
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئەسئەت ئابدۇرېشىت
副主编：艾赛提.阿布都热西提

تەھرىر ھەيئەتلەر:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابلىز ھوشۇر
ئابدۇرۇسۇل سېيىت
ئەسئەت ئابدۇرېشىت
ئەكبەر قادىر
تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن
دولقۇن روزى
شاكىرجان ئېلاجى
غەيرەت ئاسىم
قېيۇم سوپى
مۇھەممەتجان سادىق
مۇھەممەتجان راشىدىن

گۈزەل ـ سەنئەت مۇھەررىرى ،
تارقىتىش خادىمى:
خالمۇرات قېيۇمبەگ (تەكلىپلىك)
يانفون: 13899717142

# ILI RIVER

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

2012 ـ يىل 2 ـ سان

ئېلخەت ئادرېسى: ilideryasi@163.com


ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزىدۇ

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلىدۇ

«ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىدۇ

ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1005 ـ 8710

مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN65 ـ 1057/ I

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-75

تېلېفون نومۇرى: 0999-8021205

ئادرېسى: غۇلجا شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 72 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 835000

پارچە سېتىلىش باھاسى: 6.00 يۈەن

刊名：《伊犁河》
主管：伊犁哈萨克自治州文联
编辑：《伊犁河》杂志维文编辑部
出版：《伊犁河》杂志社
印刷：伊犁日报印刷厂
发行：伊犁州邮政局
订购：各地邮政局
国际标准连续出版物号：ISSN1005-8710
国内统一连续出版物号：CN65-1057/I
邮发代号：58-75
地址：伊宁市解放南路72号
电话：0999-8021205
邮政编号：835000
单价：6.00 元


## تارىختىن سۆز


قارا تۇندىكى چاقماق ـ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇدا.............................غالىب بارات ئەرك (33)

ياش زېمىننى كىم ئۆلتۈرگەن..............مەسئۇت خالىت (83)

شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى».............................مېك دۇك (86)


## كۆكۈل ئىزھارى


ئالقىش ۋە ئۈمىد.................ئابدۇۋەلى مۇقىيت (92)

تىللا تىلەك، تەبرىكلىرىمىز......................... (93)


## باللار كۆڭلى


بوۋاي ۋە نەۋرە(ھېكايە)...............مرادىل قۇتبى باستى (95)

قۇرىغان كۆلدىكى جېنى يوق بېلىق(شېئىر)......مەرھابا غوپۇرجان (95)



نۆۋەتچى مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت

كوررېكتور ۋە بەتچىك: ئىليار مەمتىمىن (تەكلىپلىك)

نادىر شېئىرلاردىن ئۈزۈندە

# « دۇنيا ئانا تىل » كۈنىنى تەبرىكلەيمىز !

( 2012 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى )



# ئانا تىل

## قۇتلۇق شەۋقى

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.

بۇ ئانا تىل بولسا گەر ئامېرىكايۇ ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.

ئەھ ! ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھى زېمىندا ئېتىشخارلانغۇم كېلۇر.

لايىھەلىگۈچى: خالمۇرات قېيۇمبەگ



# ساقىينىڭ قارغىشى

(ھېكايە)

قەيسەر قىيۇم

ئەجەب ھە، تۈنۈگۈن ئالغان ئاياغنىڭ بۈگۈن چەمى ئاجراپ كەتسە، بۇ جاھان قانداق بولۇپ كەتتى زادى. ئالغىنىمدا يېپيېڭىدەكلا قىلىۋاتاتتى. تازىمۇ بىر جازانىخورغا ئۇچراپتىمەن ـ دە. گۆش توغراپ، مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ زىققا ئۆتكۈزۈپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئاران ساتقان كاۋاپلارنىڭ بۇ ئايدا ئېشىنىپ قولۇمغا قالغان پايدىسى ئىدى بۇ ئاياغ. تۈنۈگۈن ئەركىن بازاردىلا بۇ ئاياغنى سېتىۋاتقان ئادەم كۆزۈمگە بىرقىسمىلا كۆرۈنگەنىدى. چىدامدۇ؟ دەپ سورىسام «ۋاھ يەنە بەش قىشنى بىمالال چىقىرالايسىز جۇمۇ ئۇكام» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئاياغنى ماختاشلىرىغا قاراپ ئىشىنىپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ. مانا ئەمدى پۇتۇمنىڭ بارماقلىرى يەنە بەش قىشقا چىدايدىغان بۇ ئاياغدىن چىقىپ قېلىۋېدى، ئۇ ئادەمنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم. خوتۇنىمۇ بۇنى كۆرۈپ ماڭا بىرمۇنچە كايىدى، نېمە دەيتتى «پۇل تۇرۇپ ماگىزىندىن يېڭى ئاياغ ئالماي نەدىكى ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بىرنېمىلەردىن كونا مال ئالغاندىن كېيىن ئۆزەڭگىمۇ ئاز» دەپ غوتۇلداشلىرى قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپلا كەتتى. مېنىڭمىغۇ شۇ ماگىزىندىن ۋاللىداپ تۇرغان يېڭى ئاياغلارنى ئېلىپ شۇنداق كىيگۈم بار، لېكىن پۇل ئۇنىڭغا چىقىشمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنىمىزمۇ شۇ يەردىن ئاياغ ئېلىپ كىيىپتىكەن، ئۇنىڭ شۇنداق ياخشى چىقىپتۇ، مانا ئۇنى كىيىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بوپتۇ، دېگەن گەپنى مۇشۇ خوتۇن ئۆزى كۆتۈرۈپ كىردىغۇ، ئەمدى نېمە كوتۇلدايدىكىنە چىدىماس. ھەي، مەندىمۇ بار، شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ بارمامدىم شۇ بازارغا.

ئەتىگەندىلا ھېلىقى ئاياغنى كۆتۈرۈپ ئۇنى سېتىۋالغان يەرگە كەلدىم. ماڭا بۇ ئاياغنى ساتقان ئادەم ئورنىدا كۆرۈنمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ يېنىدا ئەپلىك قول ھارۋىسىغا كىنو پىلاستىنكىلىرىنى سېلىپ سېتىۋاتقان ياش بالا يەنە شۇ يەردە خېرىدار چاقىرىپ تۇراتتى.

ــ ئۇكا، تۈنۈگۈن يېنىڭدا كونا ئاياغلارنى تىزىپ سېتىپ ئولتۇرغان ھېلىقى ئادەم بۈگۈن كەلمىدىمۇ نېمە؟ ــ سورىدىم ئۇ بالىدىن.

ــ ھە، ئۇ ئادەمما؟ كەلمىدى.

ھېلىقى بالا ھەييارلىق بىلەن ماڭا قاراپ قويۇپ تولىمۇ چولتىلا جاۋاب بەردى.

ــ نېمىگە كەلمىدى؟

ــ تۈنۈگۈنكى ئاياغلىرىنى سېتىپ بولدى ـ دە.

ــ سېتىپ بولغان بولسا بۈگۈن يەنە ئاياغ ئەچىقمامدۇ؟

ــ ۋاي ـ تاڭ، ئىسكىلاتتا بېسىۋالغانلىرى تۈگىگەن بولسا كەلمەيدۇ ـ دە، ئەمدى. يا بولمىسا باشقا تىجارەت قىلامدىكىن.

ــ نېمە تىجارەت؟

نەسرىي ئەسەرلەر

ــكونا ئاياغ سېتىۋالامدۇ؟

بۇ بالا مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ ياكى راست سۆزلەۋاتامدۇ زادىلا چۈشىنەلمىدىم. بازار بۇ بالىنى قاقۋاش قىلىۋەتكەن چېغى، ماڭا بۇ بالا ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز خېرىدارلارغا زادىلا سىلىق مۇئامىلە قىلمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ــئۇكا، خاپا بولماي ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىنى ماڭا دەپ بېرەلەرسەنمۇ؟

ــئۇ ئادەمنى تونۇمىسام ئۆيىنى نەدىن بىلەي؟

ــئەمدى بىر يەردە تىجارەت قىلغاندىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچە بىلىشەرسىلەر؟

ــئۇ ئادەم تۈنۈگۈن بازارغا چىققان تۇرسا، ئۇنداق كەلدى ـ كەتتى تىجارەتچىلەرنى مەن نەدىن بىلەي؟

ــئەستا . . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دېمىم بوغۇلۇپ، ئۆزۈم ئۆتكۈزگەن كاۋاپقا ئۆزۈم زەھەردەك لازىنى چېچىپ يەۋالغاندەك ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدى.

ــنېمە بولدىڭىز ئاكا؟ــدېدى ھېلىقى بالا دەرھال مېنىڭ بىردىنلا ئۆزگەرگەن ھالىمنى كۆرۈپ.

ــكۆرمەمسەن ئۇكا،ــدېدىم ئۇنىڭغا تۈنۈگۈن ئالغان ئاياغنى يالتىراق خالتىدىن چىقىرىپ كۆرسىتىپ،ــتۈنۈگۈن ئالغىنىمدا يېڭىدەكلا قىلىۋاتاتتى. ئۆزىمۇ پارقىراپ تۇراتتى. مانا ئەمدى كۆرمىدىڭمۇ، تۈنۈگۈن بىر كۈن كىيگىنىمنى بىلمەن، ئەتىگەن شۇنداقلا پۇتۇمنى سالسام چەمى ھاڭدەكلا ئېچىلىپ قالدى.

ــۋاي ئاكا، تىكتۈرۈۋالساڭ بولىدىكەنغۇ. چوڭ ئىشمۇ ئەمەسكەن. قارىسام خېلى بولىدىغان ئاياغدەك تۇرىدۇ.

ــئۇغۇ شۇنداق، بىراق . . .

ــئەتىگەن سەندىن بۇرۇن يەنە ئىككى ئادەممۇ شۇ ئاياغ ساتقان ئادەمنى ئىزدەپ كەپتىكەن. ئۇلارغىمۇ شۇنداق دېدىم. ھازىر ئۇلار ئەنە ئاۋۇ موزدوزخانىدىمىكىن.

ھېلىقى بالىغا قارىغىمۇ كەلمىدى، ئاياغلىرىمنى قايتىدىن يالتىراق خالتىغا سالدىم ـ دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ماڭدىم. بەلكىم ئۇ مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتامدىكىن تاڭ. كۈلسىمۇ كۈلگەندۇ، مەندەك ھاماقەتكە كۈلىدۇ ـ دە ئۇ. يېقىندىن بۇيان نېمە بولدۇم دەيمەن زادى ئۆزۈمگە. ئىشلىرىم زادىلا ئىلگىرى باسمايدىغۇ تاڭ. كاۋاپلىرىمنىڭ خېرىدارلىرىنىڭمۇ ئايىغى تارتىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆيگە كىرسەم خوتۇنۇمنىڭ تاپىسىمۇ سەل كۆپىيىپ قالدى. مانا ئاياغ ئېلىۋېدىم، ئۇمۇ ئىككى كۈنگە پايلىمىدى. تۈرۈپلا كۆپپىدە ئېسىمگە مەمەت «يېرىم» نىڭ دېگەن گەپلىرى كەلدى. راستلا ساقىينىڭ «قارغىشى» غا ئۇچرىغاندىمەنمۇ؟ مەمەت «يېرىم» قايسى كۈنى كاۋاپخانامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىسمەت «ئامان» نىڭ بىزدىن رەنجىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.

ــساقىينىڭ قارغىشىغا قالما يەنە،ــدېگەنىدى ئۇ ماڭا قاراپ بىرقىسمىلا كۈلۈپ،ــيېقىندىن بۇيان بىر يەرلەرگە چاقىرساق كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ. ئۆزۈڭنى بىزدىن قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتىسەن. پۇل تېپىپ بىزنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ كەتتىمىكىن دېسەك يەنە شۇ كاۋاپدىنىڭنىڭ ئالدىدىن كېتەلمەپسەن. كۆتىنى يۇيۇپ يۈرۈۋاتامدىكىن دېسەكمۇ ھېچ ئۇنداقتەك ئەمەس. ھازىر باللار سېنىڭ كېيىڭنى قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا قوشۇلۇپ يەنە بىرنەچچە بالا تەڭلا بىزنىڭ سورۇنلىرىمىزغا بارماس، چاقىرسا كەلمەس بولۇۋالدى. ياكى ئۇ بىر نەچچىڭ بىرلىشىۋېلىشتىڭمۇ يە؟ دىققەت قىلىش جۇمۇ، ساقىينىڭ قارغىشى يامان.

ئۇ يەنە ساقىينىڭ «قارغىشى» غا ئۇچرىغانلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىرنېمىلەرنى دەپ غوتۇلدىدى ـ دە، كېتىپ قالدى. دائىم كاۋاپخانامغا كەلسە مۇشۇ ئۇچەي كاۋىپىڭنىڭ خومارى بەك يامان جۇمۇ، دەپ ھېچبولمىغاندا بەش زىق كاۋاپ يەپ ماڭىدىغان ئادەم بۈگۈن كاۋاپلارغا قاراپ قويايمۇ دېمىدى. دائىم ئەتىگەندىلا كېلىپ ماڭا «دەسلەپ» قىلىپ بېرىپ كېتىدىغان بۇ ئاداشنىڭ غەلىتە گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىرقىسمىلا بولۇپ قالدىم. ھاراقتىن قېچىپ ئۇلاردىن ئۆزۈمنى تارتىپ يۈرگىنىم راست، لېكىن ھېلىقى بىر نەچچە ئاغىنىمىزنىڭمۇ مەندەك ئۇلار چاقىرغان سورۇنغا بارماس بولۇۋالغانلىقىنى ئۇقمايدىكەنمەن. ساقىينىڭ قارغىشى قانداق قارغىش ئەمدى. ئۇ دېگەن بىر گەپتە. ئاشۇ ئىسمەت «ئامان» نىڭ قارغىشى ئۆتىدۇ دېسە خەقمۇ قوڭىدا كۈلە.

شۇلارنى ئويلاپ كېتىپ بېرىپ تۇرۇپ يەنە ئىچىمگە بىر جىن كىرىۋالدى. ھېلىقى مەن بىلەن بىللە سورۇنلارغا بارماس بولۇۋالغانلارنىڭمۇ يېقىندىن بۇيان ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغىنى نېمىسى ئەمدى. ھېلىقى چاغدا رىشىت «يوگىمەش»

يېرىم كېچىدە سەمەت «ئاپقۇر» نىڭ ئۆيىدە بولغان ئولتۇرۇشتىن قاچىمەن دەپ ساقىيغا ئەدەپ دەپ قويۇپ ئاستا سىرتقا چىقىپتۇ. قانداق بولدى، سەمەت «ئاپقۇر» ئۇنىڭ بۇ پەيلىنى بىلىپ قالغاندەك دەرۋازىسىغا ئىچىدىن يوغان قۇلۇپتىن بىرنى سېلىپ سورۇنغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالغان ئىكەن. رىشىت «يوگىمەش» دەرۋازىدىكى قۇلۇپنى كۆرۈپ ئامال يوق كۆمۈرخانا يېنىدىكى شوتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ تامغا يۆلەپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىپ قاچماقچى بولۇپتۇ. ھەي تەلەيسىز بىچارە، ئۇ شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەمدى پۇتىنى تامغا ئالاي دېيىشىگە قانداق بولدى، پۇتى تېيىلىپ تامدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن باللار ئۇنى ياتقان يېرىدىن يۆلەپ سورۇنغا ئېلىپ كىرىشتى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ باشقا يېرى ھېچقانداق زەخمە يېمەي، بىگىز بارمىقى سۇنۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ. بۇ ئىش بولۇپ ئۇ خېلىغىچە بىگىز بارمىقىنى تېڭىپ يۈردى. ئۇ ئەسلى ئىدارىدە بىر بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى سۇنۇپ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ساقايغۇچە قول ئاستىدىكىلىرىنى بىگىز بارمىقى بىلەن چېنەپ تەنقىدلىيەلمەي تازىمۇ قىينىلىپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. مانا شۇ كېچىسى ئۇ قاچىمەن دەپ تالاغا ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئىسمەت «ئامان» ئۇنى «قارغۇۋەتكەن» بولغىيمىدى ـ ھە؟ يەنە ھېلىقى ئەكبەر «چولاق» بىلەن يارى «ئاقبېلىق» نىڭ ئىشىمۇ بار. ئەكبەر «چولاق» مۇ تېخى ئالدىنقى ھەپتە تۈنجى قار ياغقان كۈنى سېتىۋالدى «خانلەيلۇن» نىڭ ئۆيىدىكى سورۇندىن قېچىپ چىقىپ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، يارى «ئاقبېلىق» مۇ دەل شۇ كۈنى سورۇندىن قېچىپ مەھەللىسىگە ئايلىنىدىغان تار كوچىغا كەلگىنىدە تونۇمايدىغان ئىككى بالا ئۇنى ھارغىچە ئۇرۇپ يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ، ئۇنى بۇلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىمۇ ئىسمەت «ئامان» «قارغۇۋەتكەن» مىدۇ؟

ئەركىن بازاردىن تولىمۇ كۆڭۈلسىز قايتىپ كەلدىم. كاۋاپخانامدىن ئىككى دۇكان نېرىدا بىر ياماقچى بار ئىدى. ئاياغلارنى شۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىپ كاۋاپخانامنى ئېچىشقا تۇتۇش قىلدىم. شۇ ئوقەتنى قىلماي يەنە نېمە ئامال مەندە. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇكانغا كەلسەم خوتۇنىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈك، ھېلى كېلىپ قولىدىكى سۈپۈرگە بىلەن مېنى ئۇرۇۋېتىدىغان ئەلپازدا دۇكاننىڭ ئىچىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپمۇ قىلماي كاۋاپداننى تالاغا ئاچىقىپ ئوت يېقىپ دۇكانغا يېنىپ كىردىم. خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قارايمەن، بىر نېمە دەپ يەنە سوقۇشۇپ قالارمىزمۇ دەيمەن ـ دە ئەمدى. ئىشىك يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سىرتقا قارىغاچ توغراپ تەييار قىلىپ قويغان كاۋاپلارنى زىققا ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. تالادا سوغۇق خېلىلا بولۇۋاتاتتى. تۈيۈقسىز كەلگەن قىشتا كوچىدىكى ھەممەيلەنلا كۆزۈمگە دۈگدىيىپ قالغاندەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

ــ ئاياغنى قانداق قىلدىڭ؟

توساتتىن خوتۇنۇم مېنى سەنلەپلا سورىدى. ئۇ تۇغۇلۇپ بۇرۇندىن تارتىپ مېنى سەنلەيتتى. مەنمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانىدىم.

ــ ياماقچىغا ئاپىرىپ بەردىم.

ــ نېمە، ياماقچىغا ئاپىرىپ بەردىم؟ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇۋالالمىدىڭما؟ ھەي نېمانداق بوش سەن، ئەر كىشىمۇ شۇنداق بولامدۇ، ئەسكى ئايىغنى يۇزىگە ئېتىپ پۇلۇمنى بەر دېيەلمەپسەندە. ۋاي، ۋاي، ۋاي، قاچان بىر جاق ـ جاق ئەر كىشىدەك بولارسەن!

ــ ھوي، بۇ نېمە دېگىنىڭ، ھېلى بىكار جاق ـ جاق بولۇپ كەتسەم كۆتۈرەلمەي بۇرۇنقىدەك ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتەرسەن، ــ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئاچچىقىم تۇتتى ـ دە، قاتتىق ۋارقىراپ سالدىم.

ــ ھوي، ۋارقىرايسەنغۇ، پۇلنىمۇ تۈزۈك ھەجلىيەلمەي ئەدىكى خەق تاشلىۋەتكەن نېمىنى ئېلىۋېلىپ يەنە نېمە يوغانچىلىق بۇ. ئەگەر پۇلنى مەن شۇنداق بۇزۇپ خەجلەپ قويغان بولسام ھازىر چىرايىڭغا چىقىپ ئولتۇرالماي قالار بولغىيتتىڭ، ــ ئۇمۇ بىردىنلا ئۆكۈپ قىزىل ئىشتاننى بېشىغا كىيگىلى تۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئۆزۈمگە ھاي بەردىم ـ دە، ئاۋازىمنى سەل سىلىقلاشتۇرۇپ دېدىم:

ــ ھەي، مەنمۇ پۇلنى تېجەي دەپتىمەن شۇ. ئۇ ئاياغنىڭ ئۇنداق چىقىپ قالىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۆزۈڭ پالانچىكام ئەركىن بازاردىن ئانداق ئاياغ ئاپتىكەن، مانداق ياخشى چىقىپتۇ، مانا ئىككى يىل بوپتۇ كىيىۋاتقىلى، ھېچنېمە بولماپتۇ دېسەڭ سېنىڭ كېيىنكىگە ئىشىنىپ ئېلىپ قويۇپتىمەن.

— خەق پوق يە دېسە يەمتىڭ!

مېنىڭ كەپلىرىمنى ئاڭلاپ كۆناھىنىڭ ئۆزىگە ئارتىلغانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ سەت ئۆڭدى ـ دە، ماڭا توڭلا تەگدى.

— سەن خەق ئەمەسقۇ، — دېدىم مەن دەرھال كەينى چاقچاقفا بۇراپ. ئەمدى ئۇنى كونترول قىلمىسام دۇكاندا رەسمىي بىر مەيدان جەڭ بولاتتى. توۋا دەيمەن، بۇرۇن جېدەلدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان بۇ خوتۇن مۇشۇ ساقىي مېنى «قارغىۋەتكەن» دىن بۇيان جېدەلدىنمۇ قورقمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ دېسە. ئۇنىڭغا قاراپ مانا مەن ئۆزگىرىپ كېتىپ بارىمەن.

— ئوھۇش، ئادەم ئۆلمەن دېسىمۇ چاقچاق قىلىدىغان نېمىكەنسا بۇ، چاقچىقىڭنى قويە، نېمىشقا ئاياغنى قايتۇرۇۋەتمىدىڭ؟

شۇ چاقچىقىمدىن كېيىن ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر ئاز بولسىمۇ خاپىلىقىنىڭ يانغانلىقىنى، ئىچىنىڭ بىر يەرلىرىدىن كۆلكىسى قىستاپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كىبىرىدىن چۈشمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

— باردىم، بارمامدىغان، سەن ئويلىغاندەك بىرىپلا ئاياغنى ئۇنىڭ بېشىغا ئېتىپ پۇلۇمنى قايتۇرۇۋالاي دەپ ئويلىغان. بىراق ئۇ كۈيى بۈگۈن بازارغا كەلمەپتۇ. ئۆيىنى بىلىدىغانلارمۇ يوق ئىكەن. ئۇنداق قويۇلۇپ كەتكەنلەر مەنلا ئەمەسكەنمەن، مېنىڭ ئالدىمدىمۇ يەنە ئىككى ئادەم ئۇنى ئىزدەپ كەپتىكەن، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئامالسىز موزدۇزخانىغا كېتىپتۇ.

— سەندەك يۇمشاق باشتىن يەنە ئىككىسى باركەندە بۇ دۇنيادا. مەن تېخى سېنى يالغۇز بولۇپ قالدى دەپ ئويلاپ كۆڭلۈمگە ئېلىپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى بۇ قىش شۇ ئاياغنى كىيىپ يۈر ئەمدى.

ئۇ شۇنداق دەپ دۇكاندىن چىققان ئەخلەتلەرنى يالتىراق خالتىغا قاچىلاپ دوڭغاسلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ دۇكاندىكى ۋەزىپىسى تۈگىگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ غەللىگە پۇل چۈشۈشكە يېقىن دۇكاندا پەيدا بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ دۇكاننى ئاچقاندىن بۇيان يېتىلدۈرۈۋالغان ئادىتى ئىدى. شۇڭا خوتۇننى دۇكاندا بار دەپ ئاغىنىلەرمۇ بۇ دۇكىنىمغا ئانچە كېلىپ كەتمەيتتى.

ماۋۇ خوتۇننى كۆردۈڭلارمۇ، شۇ ساقىي مېنى «قارغىۋەتكەن» دىن بۇيان بىراقلا 180 گرادۇس ئۆزگەردى دېسە. بۇرۇن ماڭا ئارتۇق تەلىپىمۇ يوق ئىدى، پەقەت ئۇنىڭغا ھاراق ئىچمىسەملا، ھاراق ئىچىپ كېلىپ جېدەل قىلمىساملا بولاتتى. ھاراق ئىچىپ كەلگەن، جېدەل قىلغان كۈنلەرنىڭ ئەتىسى ئۇ ناشتىدا يىغلىنىپ تۇرۇپ ماڭا شۇنداق دەيتتى:

— مەن بىلەن ئۆي تۇتقۇڭ بولسا ھاراقنى تاشلا، يا ئۆيدە جېدەل قوزغىمىغان، يا ئۆيگە بەرىكەت قونمىغان. ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىۋېلىپلا يوق ئىشلارنى چىقىرىپ ئۆيدە جېدەل قىلىسەن. مەن ساڭا باشقا بىر خوتۇنلاردەك كىيىمىم يوق، كىيىم ئېلىپ بەر، ئالتۇن ئۈزۈكۈم كىچىك بولۇپ قالدى، يوغىنىپ بەر دەپ تەلەپ قويمايۋاتىمەن، شۇ مەرەز ھاراقنى ئىچمە، ئۆيىمىزنى چىرايلىق تۇتايلى دەۋاتىمەن.

مانا بىر ھەپتىدەك بولۇپ قالدى، ئۇ بارا ـ بارا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مېنى ساقىينىڭ «قارغىغىنى» غا ئىككى ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. دەسلەپكى بىر ھەپتىدە ئۇ مېنى كۆزەتكەن ئوخشايدۇ. ئىككىنچى ھەپتىسىدىن باشلاپ مېنىڭ ھاراقنى تولۇق تاشلىغىنىمغا ئىشەنچى تولغاندىن كېيىن ئاستا ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاۋاتقان گەپ. خوتۇن كىشىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدىكەنغۇ تاڭ. قايسى بىر كىشى « خوتۇن — ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كىتاب» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەنمۇ دەيمەن. مانا ئەمىسە دەپ يەنە شۇ سورۇننى تېپىۋالىمەن، شۇنىڭ بىلەن تويىدۇ، ئۇ. بىراق كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام ھاراقنى ئەمدى ئاغزىمغا ئالغۇم يوق، ماڭا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمىدىغۇ ئۇ ئاخىرى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

تازا خىيال بىلەن كاۋاپ ئۆتكۈزۈۋاتسام تۇيۇقسىز رىشىت «يۆگىمەش» كاۋاپخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

— ھوي، بۈگۈن نېمە بولدۇڭ، كاۋاپدىنىڭغا ئەمدى ئوت ساپسەنغۇ؟

— بازاردىن ھازىر كېلىشىم، — دېدىم ئۇنىڭغا، — قانداق، بۈگۈن ئىشقا بارمىدىڭما؟

— بۈگۈن دېگەن شەنبە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ساقىي قارغىۋەتكەندىن كېيىن كۈنلەرنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ نېمە؟ ھا! ھا! ھا!

ئۇ ئۆزىمۇ شۇ ساقىي «قارغىۋەتكەن» لەرنىڭ قاتارىدا بار ئىدى. رىشىت «يۆگىمەش» ئۆزىنىڭ

گېپىدىن ئۆزى مەززە قىلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاشۇنداق ھەزىل كەپلەرگە بەك ئۇستا ئىدى. ئۆزىمۇ ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمىلەرنى يېزىپ قوياتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر سورۇنغا بىر كۈلدۈرگە يېزىپ كېلىپ (مەن ئۇنىڭ شۇ كۈلدۈرگىسىنى شۇ سورۇن بولغانىنىڭ ئەتىسى بىر نۇسخا كۆپەيتىۋېلىپ باشقا سورۇنلاردا ئوقۇپ يۈرگەنىدىم) بىزنى تازىمۇ كۈلدۈرگەن ئىدى. شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىن كېلىپ قالغان ئىككى دوستىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە دەريا بويىدىكى توقايلىقتا ئۆتكۈزۈلگەن ئولتۇرۇشىمىز تازىمۇ قىزىپ كەتتى. سورۇن ئارىلىقىدا مۇزىكا توختىۋېدى، ئۇ ئالدىغا كەلگەن رومكىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كۆپچىلىككە قاراپ:

ــ ئوتتۇز ئوغۇل، سورۇنىمىز تازا گۈللەۋاتىدۇ، مانا «خانلەيلۇن» بىلەن «ئاقبېلىق» نىڭ پەيزىنىمۇ ئاڭلىدۇق. ئابلا «ئېچىلىپ» مۇ قىزىقچىلىقنى تۆكۈۋەتتى. ئەمدى پېقىرنىڭمۇ مۇشۇلارغا قاراپ پەيزىم تۇتۇۋاتىدۇ. ئەگەر رۇخسەت قىلساڭلار يېقىندا باللارنى باش پېرسوناژ قىلىپ تۇرۇپ يازغان بىر پارچە خەۋىرىم بار ئىدى، قىزىقچىلىق بولسۇن، بىر ئوقۇپ بەرسەم، ــ دېۋىدى، ھەممەيلەن:

ــ ھوي رۇخسەت، رۇخسەت، قېنى ئوقۇ! ــ دېيىشىپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يانچۇقىغا چىرايلىق قاتلاپ سېلىۋالغان ئارگىنال قەغەزلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

ــ باش ماۋزۇ: «رايونىمىز هاراقكەشلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى دەريا بويىدىكى توقايلىقتا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.»

يانداش ماۋزۇ: يىغىن ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزالىرىدىن ئىسمەت «ئامان»، ئەكبەر «چولاق»، يارى «ئاقبېلىق»، غېنى «چېلەك»، ئابلا «ئېچىلىپ»، تۇرسۇن «يېرىم»، پەيزۇل «چىلىشىپ»، ياسىن «كالپۇك»، ۋەلى «تاشئالدى»، رىشىت «يۆگىمەش»، «كومزەك كۆتۈرەر شەيخ» توختى ۋە باش كاتىپ سېتىۋالدى «خانلەيلۇن» قاتارلىق يولداشلار رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. يولداش ئازاد «يېرىم» بىلەن ئابدۇل «مەركەز» ئاللايتەن ئۈرۈمچىدىن كېلىپ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئۆز مۇخبىرىمىز رىشىت «يۆگىمەش» خەۋىرى: بۈگۈن دەريا بويىدىكى توقايلىق قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. بۈگۈن بۇ يەردە رايونىمىزدىكى بارلىق هاراقكەشلەرنىڭ ئىزگۈ تىلەكلىرىنى ئېلىپ كەلگەن 23 نەپەر دائىمىي ھەيئەت، رايونىمىز هاراقكەشلەر بىرلەشمىسى چاقىرغان دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتنىشىپ، رايونىمىزنىڭ هاراقكەشلىك ئىشلىرىنى كەڭ ـ كۆشادە مۇھاكىمە قىلماقتا ئىدى.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە بۇ قېتىمقى يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى، رايونىمىز هاراقكەشلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غېنى «چېلەك» يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا هاراقكەشلەر مارشى «چىلاشقىچە ئىچەيلى» نى ئېيتتى. كەينىدىن يىغىندا رايونىمىز هاراقكەشلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، مەشھۇر ساقىي ئىسمەت «ئامان» نىڭ تەكلىپى بىلەن مۇسەن «ئىنجىق»، ياسىن «نېرۇن» قاتارلىق يېقىندا ۋاپات بولۇپ كەتكەن پېشقەدەم هاراقكەشلەرگە ھەممەيلەن سۈكۈتتە تۇرۇپ ماتەم بىلدۈردى.

يىغىندا يولداش ئىسمەت «ئامان» مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان رايونىمىزنىڭ هاراقكەشلىك ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، جاي ـ جايلاردا قاۋاقلار كۆپەيدى، هاراقكەشلەر قوشۇنىمىزمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش. لېكىن مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس، ئالايلۇق، ئايالللار ئىچىدىن يېڭى ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش يېتەرلىك بولمىدى، بەزىلەر ئاقتىن قىزىلغا ئۆتۈۋالدى.

يولداش ئىسمەت «ئامان» تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئىچكەن ئىكەنمىز چوقۇم ئاق ئىچىشىمىز، قۇلاق مىدىرلىغۇچە ئىچىشىمىز، ئاز ـ تولا جېدەل ـ ماجىرا، سۇيۇقلۇق قىلىشىمىز كېرەك. ئىچىپ تىپ ـ تىنچ كېتىپ قېلىشقا، سورۇننىڭ يېرىمىدا قېچىپ كېتىشكە ھەرگىز يول قويماسلىق، تالاغا چىقىپ كىرەي، دېگۈچىلەر بىلەن سورۇندىكى بىرەر مەسئۇل يولداش چوقۇم بىللە چىقىشى لازىم. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈچىرتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاش، زادىلا تۈزەلمىگەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ سوپىملار قوشۇنىغا قوشۇۋېتىش كېرەك».

يىغىندا يولداش ئىسمەت «ئامان» نىڭ ئارقا سەپكە دەم ئېلىشقا چىقىشقا سۇنغان ئىلتىماسى قارالدى. يىغىن بىردەك مۇنداق ھېسابلىدى: يولداش

ئىسمەت «ئامان» رەئىسلىكنى ئۆتكەن مەزگىلدە رايونىمىزنىڭ هاراقكەشلىك ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشتى. سورۇنلاردا ئىزچىل ساقىيلىق قىلىپ ئوتتۇز ئوغۇلغا ياخشى باش، يېتەكلىگۈچى بولدى. ئۇ ئەمدى ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسە بولىدۇ.

يىغىن دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ئەكبەر «چولاق» نى بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى.

رىشىت «يۈگمەش» نىڭ بۇ كۈلدۈرگۈسى ئوقۇلۇپ بولۇشىغا قاتتىق چاۋاك چېلىنىپ، سورۇن قىيقاس-چۇقانغا تولدى.

— ۋاھ، تازىمۇ كەلتۈرۈپتۇ بىزنى جۇمۇ!

— قىزىقچىلىقىمۇ ئۇستا بۇ گۈي ئۆزى!

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئاغىنىلەرنىمۇ قېتۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ مانا!

— ھەي بۇ كۈلدۈرگەگنى ماڭا بىر نۇسخا كۆپەيتىپ بېرە، ساقلاپ قوياي!

تەرەپتىن-تەرەپتىن چىقىۋاتقان بۇ ئاۋازلارغا قاراپ رىشىت «ئېچىلىپ» چاقچاق قىلدى:

— هوي «يۈگمەش»، بىزنىڭ ئەمدى قىرىققا كىرگەن ساقىينى پېنسىيەگە چىقىرىۋېتىپسەنغۇ، ئىدارەگدە هوقۇق تەگمەي ئۇنىڭ هوقۇقىغا كۆزۈڭ چۈشۈپتۇ-دە سېنىڭ!

— ئامان بولساق يەنە قىرىق يىل ئىچىمىز جۇمۇ بىز! — ئىسمەت «ئامان» ئۇنىڭ كېپىگە ئۇلىشىپلا ۋارقىرىدى. سورۇندا تېخىمۇ يۇقىرى كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

رىشىت «يۈگمەش» ئەنە شۇنداق قىزىقچى ئىدى.

— هوي مېنى كۆرۈپ بىردىنلا خىيالغا كەتتىڭلارغۇ؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا. ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن دەرھال ئېسىمگە كەلدىم.

— شۇنى دېگىنە ئاداش، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ئادەم بىكار بولغاندىن كېيىن كۈنلەرنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدىكەن. مەمەت «يېرىم» دىن ساقىينىڭ قارغىشىغا قالما يەنە دەپ ئاگلاپسەن-دە سەنمۇ؟ ساقىينىڭ قارغىشىغا ئۆلمەيمىز جۇمۇ بىز.

ئۇ گەپلىرىمنى ئاگلاپ كۈلدى.

— ئاگلىسام يېقىندىن بۇيان سەنمۇ شۇ سورۇنلارغا بارماس بولۇپ قاپسەن-ھە؟

— شۇ تاشلايمىكىن دەيمەن. ياشمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، قاچانغىچە ئىچىپ يۈرىمىز ئۇنى. يا ئۆيدە بەرىكەت يوق، جېدەل-ماجىرا قۇرۇمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنۇڭنىڭ تاپىسى دېگىنە، ئاگلىسام سەنمۇ سورۇنلارغا بارماس بولۇۋاپسەنغۇ، ساڭا نېمە بولدى؟

— ۋاي مەنمۇ شۇ، قارىسام ئۆيدە جېدەل قۇرۇمىدى، تازا ئويلاپ باقسام شۇ هاراقنىڭ كاساپىتى ئىكەن. بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئادەم ئەمدى خىجالەت بولۇپ قالىدىكەن.

رىشىت «يۈگمەش» كە نورۇندۇقتىن بىرنى ئېلىپ بەردىم. ئۇ نورۇندۇققا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— مۇشۇ هاراقنى تاشلىغان ئىككى هەپتىدىن بۇيان قانداقراق بولۇۋاتىسەن؟

بۇ كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ سورىغان سوئال ئىدى. چۈنكى بايا ئۇ دۇكانغا كىرىشتىن بۇرۇن كاللامدا پىرقىراپ يۈرگەن خىيالنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخى قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — يا مەن بىر هاراققا تۆگچىلاپ كىرىپ كەتكەن زابوي بولمىسام. تاشلىدۇق شۇ.

— ئەمدى دەيمەن-دە، — دېدىم ئۇنىڭغا مەقسىتىمنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، — ئۆيۈڭدە قانداق ئۆزگىرىش بار دەيمەنغۇ؟

— ۋاي شۇنداق ياخشى، — دېدى ئۇ، — خوتۇن مېنى ئەمدى هاراق ئىچمەيدىغان بولدى دەپ ئېغىزى قۇلىقىغا يەتتى دېگىنە. ئۇيەر-بۇيەردە تېخى ۋاي رىشىت ئانداق ياخشى بولۇپ كەتتى، مانداق ياخشى بولۇپ كەتتى دەپ ماختاپ يۈرىدۇ. قانداق بۇنى سوراپ قاپسەنغۇ؟

— شۇ، نەچچە كۈندىن بۇيان ئىچىم سىقىلىپ تۇراتتى، — دېدىم ئۇنىڭغا ئىچىمدىكى گەپنى قىلىپ، — مەنمۇ سورۇنلارغا بارماس بولغانلىقىمنىڭ ياقى خوتۇنىمۇ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتى دېگىنە. ئاگلىسام ئۇمۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭدەك قوشنىلارغا مېنى ماختاپ بېرىپتۇدەك. لېكىن مۇشۇ بىر-ئىككى كۈن بولدى، ئۇنىڭدا يەنە بىر ئۆزگىرىشنى سېزىۋاتىمەن جۇمۇ.

— هەببەللى، مەنمۇ بۈگۈن ئىچىم پۇشۇپ بۈگۈن سەن بىلەن بىر مۇگدىشىپ كېلەي دەپ كەلگەنىدىم. قارىغاندا تازا ۋاقتىدا كەپتىمەن جۇمۇ. ھە قانداق ئۆزگىرىشنى؟

— هاراق ئىچىپ يۈرگەن مەزگىللەردە خوتۇن شۇ هاراقنىلا تاشلىسىڭىز مېنىڭ سىزدىن باشقا ئارتۇق

تەلپىمىز يوق، دەيتتى. مانا ھاراقنىمۇ تاشلىدىم، لېكىن ئۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مانداق سەزسەم، بۇ خوتۇن باشتا مېنى مۇشۇ كوچىغا سىلىق سۆرەپتۇ. ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ بۇ كوچىغا كىرسەم، ئەمدى يەنە باشقا كوچىلارغا ئاستا سۆرەپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. باشقا تەلىپى يوق ئادەم ئەمدى ماڭا ھاراقنى تاشلىتىۋېلىپلا بارغانسېرى باشقا تەلەپلەرنى قويغىلى تۇردى دېسە.

—ھە، ھە، قانداق تەلەپلەرنى؟

رىشىت «يۈگىمەش» كېپىمگە قىزىقىپ قالدى بولغاي، ئورۇندۇقنى يېنىمغا تېخىمۇ يېقىن سۆرۈپ كېلىپ سورىدى.

—قانداق تەلەپ بولاتتى، پالانچىنىڭ ئېرى مانداقكەن، سەنمۇ شۇنداق بولمامسەن، پۈستانچىنىڭ ئېرى مۇنداق قىلىدىكەن، سەنمۇ شۇنداق قىلساڭ بولمامدۇ، دەيدىغان بولۇۋالدى دېسە. ئالدىنقى كۈنى يەنە شۇنداق تەگكۈدى، ئاچچىقىمغا پايلىماي مەن يارىمايۋاتقان بولسام شۇ ئەرلەرگىلا تەگكىنە دەپ سايتىمەن. شۇ كۈنى ئۆيدىكى جېدەلنى دېمەيسەن. بۈرۈن ئۆيدە مەن جېدەل قوزغىغان بولسام ھازىر ئۇ قوزغايدۇ. ئۇ مېنى نېمە بول دېمەكچىكىنە، ھېچ چۈشىنەلمىدىم جۇمۇ.

—شۇ ئۆزگەردىڭ، ياخشى بولدۇڭ، ئەمدى تېخىمۇ ياخشى بول، مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايدىغان بول دەيدىغاندۇ.

—ھە شۇ تاپتىڭ، تاپتىڭ. توۋا دەيمەن ـ دە، قانداق گەپ بۇ، ياخشى بولۇپ تۇرۇپ يەنە ياخشى بولالمىساق، قانداق قىلىمىزكىنتاڭ ئەمدى. قايسى كۈنى كەينى كوچىدىكى قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە چاي بولغانىكەن، كىرىپ چىقىپلا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا قالدى. ۋيەي، كۆردۈڭمۇ ئاۋۇ قوشنىمىزنى، بىر باغ ئاپتىكەن، بۇ يىل ئانداق پايدا ئاپتۇ مانداق پايدا ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنىغا يوغان بىر ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ بېرىپتۇ، يەنە ئۆيلىرىنى ئوتقاشتەك گىلەم بىلەن بېزەپتىكەن، شۇنداق ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بىز قاچانغىچە مۇشۇ كاۋاپدانىنىڭ ئوتىغا قاراپ ئولتۇرىمىزكىنتاڭ. بۇ يىل يازدا سەنمۇ شۇنداق باغ ئېلىپ باقساڭ بولامدىكىن دەيدۇ قارا.

—شۇ پۇل تېپىپ راھەتتەك تۇرمۇش كەچۈرەيلى دەپتىغۇ، بۇنىڭ نەرى يامان؟

—ھەي جېنىم ئاداش، خەق قىلغاننى مەن قاملاشتۇرالامدىم ـ قاملاشتۇرالمامدىم، بۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ. ھاراق ئىچىپ يۈرگەن مەزگىللەردە ئۆيدە شۇمشىيىپ يۈرىدىغان خوتۇنىنىڭ ئەمدىكى گەپلىرىنى كۆردۈڭمۇ. ھە ماقۇلە، مەن شۇنداق قىلايمۇ دەي، لېكىن ئۇنىڭغا دەسمايە كېتەر، مەندە نەدىمۇ ئۇنچىلىك دەسمايە بولسۇن. مەن بوش ئەمەس يان بوش، يان. ئەمدى مۇشۇ كاۋاپچىلىق قىلىپ ئازراق بىرنېمە يىغىپ باشقا بىر ئىش ئوقەت قىلىپ باقايمىكىن دېگەنمۇ ئويۇم بار ئىدى، لېكىن مانا كۆرۈۋاتىسەن، بۇنىڭمۇ بازىرى بارغانسېرى كاساتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بېشىم قېتىپ تۇرغاندا بۇ خوتۇنىنىڭ غەلۋىسىنى دېمەيسەن. مانا ھاراقنى تاشلاپ ئوڭشىلىۋېدىم باشتا سىلىق ئەكىلىپ بېشىمنى ئايلاندۇرغىلى تۇردى، ماقۇل تىرىشىپ باقايلى دەپ سايتىمەن. ئەمدى كۈن ئۆتمەي رەسمىي ھۆجۇمغا ئۆتتى دېسە.

رىشىت «يۈگىمەش» مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مەن سۆزلىگەچ ئۆتكۈزۈۋاتقان كاۋاپلارغا تىكىلىپ قالغانىدى.

—ھوي، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ —دېدىم ئۇنىڭغا، —گەپلىرىمنى ئاڭلاپ موماڭ ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكىدەك بىر دۇنياغا كىرىپ قالمىغانسەن ـ ھە؟

—ۋاي جېنىم ئاداش، بۇ كۈن ھازىر مەندىمۇ بار. شۇ ئەتىگەندىلا قارىسام خوتۇن ۋاتىلدىغىلى تۇرۇۋېدى، سەن دېگەندەك قىلىش ئۈچۈن مېگەمنى سەگىتىپ كىرەي جۇمۇ دەپ غىپلا قىلىپ يېنىڭغا كېلىۋالدىم. خوتۇن كىشىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشكەن، ئۇلارنى رازى قىلماق شۇنداق تەسمىدۇ؟

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىنىمچە ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. توۋا نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ ماۋۇ، تېخى ھازىرلا ماڭا تەسەللى بېرىۋاتقان ئادەم بىردىنلا ئۆزگەردا. مېنىڭ گەپلىرىم تەسىر قىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا. ئۇنىڭمۇ مەندەك كۈنگە قالغىنىنى كۆرمەمدىغان. ئۇ بىر ئوقۇغان ئادەم تۇرۇپ يەنە خوتۇنىغا گەپ يېڭگۈزەلمەپتۇ ـ دە.

—ئاداش بىزنىڭ خوتۇنىمۇ چالا ساۋات، —دېدىم ئۇنىڭغا ئۆزۈمدىكى ھەيرانلىقنى يوشۇرماي، —ئۇ پىشمىغان كاللىسى بىلەن خەقنى دوراپ يۈرسە ئەمدى قارا قورساقلىق قىلدى، ياخشى بولۇپ كەتسەم تېخىمۇ ياخشى بولسۇن دەپ ئۆزىنىڭ قېلىپىغا سۆرىدى، مېنىڭ مىجەزىمنى تولۇق ئۆزگەرتمەن

دەۋاتىدۇ دېسەك، سېنىڭ خوتۇنۇڭغا نېمە بولدى ئەمدى، ئۇ ساڭا ئوخشاش ئوقۇغان زىيالىيمۇ؟

—شۇنى دېمەمسەن، ھەيىي، ئادەمنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتمەك شۇنچە ئاسان ئىشمۇ؟—دېدى رېشىت «يۆگىمەش» مۇ بىردىنلا مۇڭلىنىپ،—ئۇمۇ ئىلگىرى سېنىڭ خوتۇنۇڭغا ئوخشاش ھاراقنى تاشلاڭ، سىزدىن باشقا ئارتۇق تەلىپىممۇ يوق دەيتتى. ھاراقنى تاشلىغاندىن كېيىن رازى بولماي مانا ئەمدى ئۇنىڭمۇ باشقا تەلەپلىرى چىققىلى تۇردى دېگىنە. قاچانغىچە بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئولتۇرىسىز، ئىدارە باشلىقى بولالامسىزكەن، قاچان ماشىنا ئالىمىز، باشقا خەقنىڭ ئەرلىرى پۇل تېپىپ ماشىنا ئېلىپ خوتۇنلىرىنى چايدىن ئالغىلى بارىدۇ، مەنلا بوينۇمنى قىسىم كىرا ماشىنىسى بىلەن يېنىپ كېلىمەن. ۋاي، ۋاي، ۋاي، بۇنداق گەپلەرنى دېسەم تولا جۇمۇ. بايقۇشنىڭ ئىچىگە توشۇپ كېتىپتىكەنمۇ دەيمەن ئىچىمدە ماڭا قويىدىغان تەلەپلىرىنى ئېيتىپ بولالماي. بىزمىغۇ باشقىلار قىلغاننى قىلىشنى ئويلايمىز، كىمنىڭ راھەتتە ياشىغۇسى يوق دەيسەن، شۇ بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمايدۇ-دە. ھەممە ئىش ئاستا-ئاستا بولمامدۇ ئاداش. مانا ھازىر ھېلىقى قىزىقچىلىقلارمۇ قالدى بىزدىن. ئۆيدىكى كۈندىن-كۈنگە ئۆزگىرىۋاتقان كەيپىيات بەدىنىمدىكى ئۇ ھۇجەيرىلىرىمنى بارغانسېرى سوۇسلاشتۇرۇۋەتتى جۇمۇ.

ئەمدى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئۇ خېلىدىن بېرى قورسىقىدا يىغىلىپ قالغان دەردلىرىنى تۆكىدىغان يەر تاپالماي يۈرگىنىدە بىردىنلا شۇنداق جايغا ئۇچراپ قالغاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. تووۋا، بۇ ئاداشنىڭ دەردى مەندىنمۇ جىق ئىكەن ئەمەسمۇ، راستە، باشلىق بولمەن دەپ مۇنداقلا قىلىپ باشلىق بولۇۋالغىلى بولمىسا. ئۇنىڭغىمۇ پۇل كېرەكتۇ ھەرقاچان، يەنە تېخى باشقىلارنى دوراپ ماشىنا ئېلىشقىمۇ پۇل كېرەكقۇ.

—مەن ھاراقنى تاشلاپ ئۆيدىكى جېدەلنى تۈگەتتىم دېسەم ئۇنداق ئەمەسكەن ئەسلى، جېدەل ئەسلى ئالدىمدىكەن ئەمەسمۇ، ھازىر ئۆيدىكى باتناش، قېيداش دېگەنگە تۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. مانا ئەمسە دەپ يەنە ھاراقنى تېپىۋالمەن، شۇنىڭ بىلەن تويدۇ ئۇ.

—بولدى ئاداش، ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە،—دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ،—قولمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشنى يەنە قىل دېسە، ھە مانا-ئەنە دەپ قويۇپ بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىۋېلىپ يۈرۈۋەرسەك ئۇلارمۇ بىر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن زېرىكىپ توختايدۇ.

—ئۆي دېگەندە بىر ئىشنىڭ بار مەسلىھەت پىششىقنى ياخشى، ئۆي تۇتۇۋاتقان ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا قارشى تەرەپنى ئويلىغاندا، چۈشەنگەندە، ئىلھام بەرگەندە، بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇپ تەك كۈچ چىقارغاندا، نېمە ئىش پۈتمەيدۇ دەيسەن. ئۇ قېيداپ، باتناپ، باشقىلار بىلەن ئۆزۈڭگە سالدۇرۇپ ئۆز شارائىتىنى ئويلىماي دورامچىلىق قىلسا قانداق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىنى خاتا دېمەيمەن، ۋاقتى كەلسە مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، لېكىن يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش، شارائىتقا قاراپ ئىش تۇتۇش كېرەكتە. شۇنداقتۇ؟

—شۇنداق،—ئۇنىڭ كېيىنكى زەن قويۇپ ئاڭلاۋېتىپ تۈيۈقسىز چىقىپ قالغان بۇ سوئالغا ئويلانمايلا جاۋاب بەردىم. شۇ ئارىلىقتا كۆزۈم دۇكان ئالدىدىن ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يارى «ئاقبېلىق» قا چۈشۈپ قالدى.

—ھوي تالادا «ئاقبېلىق» ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، نەگە ماڭغاندۇ ئۇ ئالدىراش،—دېدىم رېشىت «يۆگىمەش» نى دەرھال ھاياجاندىن تارتىپ چىقىپ.

—ھەرقاچان بىرەر سورۇننى بۇزاپ قالغان بولسا شۇ ياققا ماڭغاندۇ؟—دېدى ئۇ ئىشىك سىرتىغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ پەرۋاسىزلا.

—ياقەي، ئۇمۇ ساقىينىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان،—دېدىم مەن دەرھال گەپنى چاقچاققا بۇراپ.

مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

—نېمە ئۇمۇ ھاراق تاشلاپتۇما، ئۇنداق بولسا پايتىمىسىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغىمۇ قارىماي ئىت قوغلىغاندەك نېمانچە ئىتتىك ماڭىدۇ ئۇ؟ چاقىرە، نەگە ماڭىدىكىن؟

مەن دەرھال دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ سىرتقا چىقىپ يارى «ئاقبېلىق» نى ۋارقىرىدىم. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېنى كۆرۈپ قەدەملىرىنى توختاتتى-دە، ماڭا قاراپ ئالدىراش دېگەندەك قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ بىر قىسما قىلىقلارنى قىلىپ ئالدىغا قاراپ يەنە يولنى داۋاملاشتۇرغىلى تۇردى.

كەينىمدىن سىرتقا چىققان رىشىت «يوڭگىمەش» مۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆردى بولغاي، ئۇنىڭغا قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

—هوي «ئاقىۋىلىق»، نېمانچە ئالدىراش ئەمدى. كۆرۈشۈپ قوي بىز بىلەن مانداق!

يارى «ئاقىۋىلىق» بۇ قېتىم ئامالسىز كەينىگە قايتىپ كەلدى.

—ھە، دۇكاندا ئىككىڭلار بارمىدىڭلار. ۋاي، ۋاي، شۇنداق ئالدىراش ماڭغانتىم جۇمۇ،—دېدى ئۇ يېنىمىزغا كېلىپلا.

—نەگە ئەمدى شۇنداق ئالدىراش يۈگۈرۈپ كەتتىڭ، سېنى هاراق تاشلىدى دەپ ئاڭلىۋېدىم، يەنە ئاغزىڭغا ئېلىۋالدىڭمۇ نېمە؟—رىشىت «يوڭگىمەش» ئۇنىڭغا يوڭگىمەچتەك چاپلاشتى.

—تاشلىدۇق ئاداش ئۇنى، ئەمدى تاشلىمىساقمۇ بولماس. بانكىغا مېڭىۋېدىم، تاقىۋېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئالدىراپ مېڭىشىم ئىدى.

—پۇل ئىشلىتىدىغان ئادەم بالدۇرراق بانكىغا بېرىپ ئېلىۋالساڭ بولمامدۇ، نېمە ئۇ بانكا ئىشتىن چۈشەي دېگەندە يۈگۈرۈپ ئەمدى.

—ياقەي، مائاش كارتامنى ئىككى كۈن بۇرۇن خوتۇن غەلۋە قىلىپ يۇرۇپ ئېلىۋالغانىدى. مەنمۇ ۋاي بولدىلا، مۇشۇنى ئالساڭلا كۆڭلۈڭ تىنجامدۇ، ئاله مانا دەپ تاشلاپ بەرگەن. بۈگۈن بانكىغا بېرىپ پۇل ئالىمەن دەپ ئاپتوماتىك پۇل ئالغۇغا كارتىنى سېلىپ مەخپىي نومۇرىنى خاتا بېسىۋالغانمۇ، ئاپتوماتىك پۇل ئالغۇ كارتىنى يەپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن كارتا ئىگىسى ئۆزى بانكىغا بېرىش كېرەك ئىكەن، خوتۇن بايا شۇنداق دەپ تېلېفون قىلىپتۇ، شۇڭا بانكا ئىشتىن چۈشۈپ كەتكۈچە بېرىپ كارتىنى ئېلىپ بېرەي دەپ ئالدىراپ كېتىپ بارىمەن.

—ۋوي، مۇهىم ئىشكەن بۇ،—دېدى رىشىت «يوڭگىمەش» ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ،—قايسى كۈنى مېنىڭ خوتۇنۇممۇ بانكا كارتامنىڭ مەخپىي نومۇرىنى خاتا بېسىۋېلىپ شۇنداق ئىش بولۇپتىكەن. ئەتىسى بېرىپ بانكىدىن ئېلىپ بەرگەن ئىدىم. بوپتۇ، يولۇڭدىن قالما، دەرهال بارمىساڭ بانكىنى تاقىۋەتمىسۇن يەنە.

—خوش، كېيىن پاراڭلىشايلى،—دېدى يارى «ئاقىۋىلىق» بۇ رۇخسەتنى ئالغاندىن كېيىن دەرهال يەنە كەينىگە ئۆرۈلۈپ،—كاۋاپ يېگەچ سىلەردەك پاراڭلىشىپ ئولتۇرسىمۇ بولىدىكەنغۇ مانا.

يارى «ئاقىۋىلىق» ئالدىراپلا كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ هەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ئىلگىرى سورۇنلاردا خوتۇن دېگەننى ئانداق باشقۇرىمىز، مانداق باشقۇرىمىز، ئۆيىنىڭ هەقىقىي ئەركەك خوجايىنى جۇمۇ بىز دەپ تازا پو ئاتاتتى، شۇ تاپ ئۇنىڭ بۇ مېڭىشى ئىلگىرى ئاتقان پولىرىغا زادىلا ماس كەلمەي قالغانىدى.

رىشىت «يوڭگىمەش» ئىككىمىز يەنە دۇكانغا قايتىپ كىردۇق.

—مانا ئاداش، ئۇمۇ ساقىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى،—دېدى رىشىت «يوڭگىمەش» دۇكانغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن بايىقى جايىغا ئورۇنلىشىپ. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈپ كەتتۇق. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز خوتۇن دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ رىشىت «يوڭگىمەش» يەنە دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى-دە، بولدى ئاداش، مەن قايتاي، دەپ دەرهال ئورنىدىن تۇردى. مەن ئۇنى شۇنچە تۇتساممۇ ئۇ كېيىن كېلەي بولدى، دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئامالسىز ئۇنى ئۇزىتىپ دۇكان سىرتىغا چىقتىم، چۈشكە يېقىنلاپ قالغاچقا ئەمدى كاۋاپدان ئالدىغىمۇ خېرىدار كېلىشكە باشلىغانىدى. خوتۇنۇمنىڭ بىر خىل گۇمان نەزىرى بىلەن كەينىمدىن ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى سېزىپ تۇرساممۇ، لېكىن رىشىت «يوڭگىمەش» نىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ بايا دۇكاندا دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ كۆڭلۈم بىر ئاز ئارامىغا چۈشۈپ قالغاندەك بولدى. چۈنكى مەن كۆرگەن كۈننى ئۇمۇ، يارى «ئاقىۋىلىق» مۇ تەڭ كۆرۈۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ. هەي قارغىش، هەي قارغىش، «ساقىنىڭ قارغىشى» راستلا شۇنداق يامانمىدۇ!؟

(ئاپتور «ئىلى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

مەسئۇل مۇهەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت

# ئارقا تام

(پوۋېست)

ماخمۇت يولۋاس



1

—قاچ! سەمەتباي.

—نېمە بولدى؟

—دەرۋازا تاراقلاۋاتىدۇ.

—ئوھو... قەرز ئىگىلىرى كەلدى دېگىنە.

—مۇشۇ كۈنلەردە سېنى باشقا كىم ئىزدەيتتى.

—نەگە قاچىمەن؟

—ھاجەتخانىغا.

—ھاجەتخانا؟!... ئۇ يەرمۇ بىخەتەر بولماسمىكىن.

—ھەرقانچە بولسىمۇ بىرسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا ھاجەتخانىسىغا بارماس ئەمدى.

—ئەخمەق خوتۇن! سەن بىلمەيسەن-دە. باشقىلارنىڭ ھاجەتخانىسىغا كىرىشكە ئامراق ئادەملەر تۇرغۇن دەيمەن.

—سوۋۇتۇپ قويۇپتىمۇ!؟

—ئاستا گەپ قىل. دەرۋازىغا قۇلاق يېقىپ تۇرغاندۇ ئاۋۇ خەق.

—ئۇنداق بولسا ئارقا تامدىن ئارتىلىپ باغ بىلەن سازلىققا قاچمامسەن.

—سازغا؟... بۇ بولىدىكەن. مەن كەتتىم. قالغان گەپنى ئۆزۈڭ بىل. قەرزنى قايتۇرىمىز. ئەمما، ئازراق ۋاقىت بەرسۇن.

—ئوھوش!... بۇ گەپنى تولا قىلىپ كەتتىمىغۇ.

—ئەمىسە، يېڭى بىر گەپ تاپمامسەن.

—تاپاي غوجام.

—تاماكامنى ئالدىم-ھە؟

—ئالدىڭ، ئالدىڭ. يەيدىغان نەرسەڭ تۇرسا ئۇ. ھە... بول... دېپەيدەك تۇرماي. دەرۋازا سۇنۇپ كېتەي دېدى. ئوھوش... تازىمۇ بىر...

ئايالىم دەرۋازا تەرەپكە، مەن ئارقا تامغا قاراپ يۈگۈردۇم. ئېگىز تامدىن ئۇچۇپ ئۆتتۇممۇ بىلمەيلا قالدىم. پاھ! پۇل تېپىشتا مۇشۇنداق ئۇچىدىغان بولسام-ھە... ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى كەتتىنىڭ بېغىغا چۈشۈپ، دەرەخلىك ئارىسىدىكى يول بىلەن تۆۋەنگە — سازلىققا قاراپ يول ئالدىم. ئەتراپى كېلول، قارىياغاچ، كۆك تېرەكلەر بىلەن بۆككىدە چۈمكەلگەن مېۋىلىك باغدا قۇشلار بەس-بەستە

سايرىشىپ كېتىپتۇ. سايرايدۇ ـ دە! جانىۋارلار بىر بىرىگە قەرزدار بولۇپ قالمىغاندىن كېيىن... كۆڭلۈم تازا جايىدا بولمىسىمۇ باغنىڭ پەيزى مېنى يەنىلا ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ياپيېشىل چىملىق ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك سۇلار، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كۆڭۈل ئىزهار قىلىشىۋاتقان كېپىنەكلەر... سېنىڭدە هاياتنى سۆيىدىغان يۈرەك بولسا روھىڭنى ئۇرغۇتۇپ، ۋۇجۇدۇڭنى مېھرى ـ مۇھەببەتكە لىق تولدۇراتتى. توساتتىن كېلول دەرەخلىرىنىڭ قاراڭغۇ دالدىلىرىنىڭ بىر يەرلىرىدىن نازۇك قىزنىڭ تاتلىق پىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى. هەي، بۇ باغدا مەھەللىدىكى يىگىتلەرنىڭ قايسى بىرى بۇنداق پىچىرلاشلاردىن هۇزۇر ئالمىغان دەيسىز؟ مانا!... باغنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىن كۈلكە ـ چاقچاقلار كۆتۈرۈلدى. هايال ئۆتمەي دۇتار، تەمبۇرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى باغنى سېھىرلەشكە باشلىدى. ئاشۇ سېھىر ئىچىدە بۇلبۇللار خۇدىنى يوقىتىپ سايرىشاتتى. «هەي، ئازاتكاملار پەيزى قىلىۋېتىپتۇ ـ دە!» دەپ تامىقىمنى چېكىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. مانا، بۇ هايات! كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتىدۇ.

بۈگۈن ھېلىمۇ قەرز ئىگىسىنىڭ چىرايىنى كۆرۈشتىن خۇدايىم ساقلىدى. بولمىسا، نېمە دەپ بېزىرىپ تۇرار بولغىيتتىم. كەلگىنى قايسىكىنا؟ مەن، دەپ ئاۋازىنىمۇ چىقارماس بولىۋالدى. كېلىپلا دەرۋازىنى ئۈن ـ تىنسىز قاققىلى تۇرغان. بۈگۈنكى چوقۇم ھەمرا...

سىزىق! كاساپەت... سىزىپ قويغان سىزىقىدىن ئۆتكۈزمەيدۇ ـ دە! چارت بولۇپ قالارمۇ دېمىگەن ئادەمنى. تۇرسۇن بېلىقۇ ئۇرۇمچىگە كەتكەن. بىر نەچچە ۋاق قۇلاق تىنچ. بەكرىمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا قاقىقان. بۈگۈن يەنە قېقىپ يۈرمىگەندۇ ـ ھە؟... ھەي، ھېكايە ئاڭلاشقا ئامراق قېرىنداشلىرىم. يەنە ماۋۇ سەمەتباي دېگەن نېمە تازا كاززاپ ئوخشايدۇ دەپ قالماڭلار ـ ھە؟ بىر نەچچە يېقىن ئاغىنىلەر كەينىمدىن ئادەم قورقىدىغان گەپ تېپىپ، مېنى سېستىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرىدۇ. توۋا! قىزىقكەن بۇ خەق. تۇرمۇشتا بىرەرسىگە قەرز بولۇپ قالماي ياشىغىلى بولامدىكىنا؟ ئەڭ بولمىغاندا ياراتقان ئىگىسىگە قەرز بولۇپ قالىمىزغۇ. قەرز بولۇپ باقمىغانلار بىزنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ناھايىتى كاتتا ئادەم ھېسابلايدۇ. زادى ئادەم دېگەن نېمە؟!... مەنچە بۇ دۇنيادا ياشاپ «ئۈن تىيىن قەرزىم يوق» دېگۈچىلەرنى تازا نورمال ئادەم دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ. بىلگەن ئادەمگە ھاياتلىقتا ئانچە ـ مۇنچە قەرز بولۇپ بېقىشمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ھۇزۇرى بار دەڭلار.

ئۆزۈمگە كەلسەم، مانا، مەن نەق ئۈچ ئادەمگە قەرز. قان قەرز ئەمەس، پۇل قەرز. ئالسا پۇل ئالىدۇ. جان ئالامتى... ھەي، ئامال قانچە؟ ئوقەتتىن زىيان تارتىپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم شۇ. يا ئالدامچىلىق قىلىپ پۇلنى خەجلىۋالغان يېرىم يوق. ئۇلارمۇ يامان ۋاقتىدا قەرزنى سۈيلىگىلى تۇردى. بۇ ھەق. بىراق، شۇ تاپتا قولۇمنى كەسسەممۇ قان چىقمىسا... قىلىدىغان ياخشى گەپلەر تۈگىدى. بېزىرىپ تۇرۇشقا يۈزۈم چىدىمىدى. قاچمای قانداق قىلىمەن؟ پۇل تاپقۇچە قېچىپ تۇراي... بۇنداق دەرد ئېيتىۋەرسەم، سەمەتباي تازا بىر كۆك تامرات ئوخشايدۇ دەپ ئىچىڭلار ئاچچىق بولمىسۇن. بارلىقىغۇ بار. ئەمما، ئېغىلدىكى ئۈچ باش ئالا ئىنەكنى ساتالمايمەن. ئايالىم شۇ ئىنەكلەرنىڭ سۈت ـ قايماقلىرى بىلەن ئۆينى گۈلدەك بېقىۋاتسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىنەكلەرنىڭ تېگى ئايالىم زەيتۈنەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭكى! ئالا كۆڭۈللۈك قىلالمايمەن. «تىل قىلدا باغلاقلىق، موزاي قوزۇقتا.» پوق يەپ قالدىممۇ بولدى پېشانەمدىن بىر ئۆمۈر كەتمەيدۇ دېگەن گەپ. پاھ!... ۋاھ!... ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارسام ئاستىمغا كۆرپە تاشلاپ «كېلىڭ بالام» دەپ تۇرغىنى بىلەن جاڭگالنىڭ شورى دەڭلا. شور بولا ـ ھە؟!... بۇرنۇڭنىڭ تۆشۈكىدىن ئاستا ـ ئاستا ئېقىپ كىرىپ ئىچ ـ باغرىڭنى قۇرۇتىۋېتىدىغان شور. پولاتنىمۇ چىرىتىۋېتىدىغان شور. بۇ شورغا جاڭگالدىكى يۇلغۇن بىلەن چاتقال قومۇش چىدىمىسا، ئادەم بالىسى چىدىمايدۇ. شۇڭا ئىنەكلەرنى سېتىش خىيالىنى قىلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈم ئامال قىلاي...

شۇ خىياللار بىلەن باغدىن چىقىپ، مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان دۆڭلەردە

ئېگىز ـ پەس دەسسەپ پىرقىراپ يۈرۈپتىمەن. دۆڭدە قوي بېقىۋاتقان بىر بوۋاي پادا كالتىكىگە تايانغىنىچە كۆزىنى مەندىن ئۈزمەي قاراپلا قاپتۇ. ھەي، بوۋاي سېنى نېمە ئويلارغا سېلىپ قويغاندىمەن ـ ھە؟

ئالدىمدىن يېنىك يورغىلاپ ئۆتۈپ كەتكەن بوز تورغاي، شۇۋاق ئارىسىدىن بىلەي تاشتەك پارقىراپ ئالدىراش چىقىپ كەلگەن كەسلەنچۈكتىن چۆچۈپ ھاۋاغا پۇررىدە كۆتۈرۈلدى. كۆكتە چىرايلىق سەپ تۈزگەن تۇرنىلار سازلىقتىن، بىنەملىككە قاراپ «قاق، قاق» قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى. سەپتىن چۈشۈپ قالغان بىر تۇرنا ھەرقانچە ئۇچۇپمۇ قاتارغا قېتىلالماي ئاۋارە ئىدى. تۆۋەندىكى يىكەنلىك ھازىر ئېتىزلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا بىر توپ بېلىق ئالغۇچلار قارا سۇلۇق يىكەنزارلىقنى ئىزدەۋاتقاندەك تىنىمسىز ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. قويچى بوۋاينىڭ قارا ئىتى ئېگىز دۆڭدە تۇرۇۋېلىپ، ئاشۇ بېلىق ئالغۇچلارغا ھەيۋە قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن قاۋايتتى. يەر بېغىرلاپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن ئاق تىكەنلىك ئارىسىدا چاشقانلار قوترايتتى...

2

دۆڭ. دۆڭلەر... شۇۋاق ھىدى قاپلىغان دۆڭلەر. سېرىق چېچەك ئېچىلغان دۆڭلەر. قويلارنىڭ ماياقلىرى تىللادەك كۆرۈنىدىغان دۆڭلەر. ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ، يىراقلارغا قارىساڭ ئۆزۈڭنى راھەت سېزىدىغان دۆڭلەر. بۇ تۇپراقتا ياشىغان كىملا بولسۇن، دۇنيانىڭ ئەڭ چەت يەرلىرىگە كېتىپ قالسىمۇ بۇ دۆڭلەرنى ھەرگىز ئۇنتالمايدۇ. ئاشۇ دۆڭلەردىكى سان ـ ساناقسىز قەبرىلەر، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى يەنىلا ئۆزىگە باغلاپ تۇرىدۇ. قارىماققا ئۆلۈكلەر بىلەن تىرىكلەر ئايرىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، تىنچ تۇرۇپ يۈرىكىڭنى، ۋۇجۇدۇڭنى تىڭشىساڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىسەن. روھلارنىڭ ئەتراپىڭنى چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىنى، سەن بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە ئىكەنلىكىنى سېزىسەن. خۇددى قۇش ئۇۋىسىنى ئەگىگەندەك، سۇ ئۆز ئېقىنىغا يۈگۈرگەندەك...

شۇ تاپتا دادام ـ ئاپام يادىمغا يەتتى. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە رەھمەتلىكلەرنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىمىغىنىمغا ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ. بىر غېرىپ يەردە تۇرۇپ ـ ھە؟!... قەبرىلەرنى ئارىلاپ قەبرە بېشىغا كەلدىم. ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن بىر تۈپ جىگدە قاياقتىندۇر ئۇرغان شامالدىن تۇيۇقسىز ئىرغاڭلاپ كەتتى (بۇ بىر تۈپ جىگدىنى دادام رەھمەتلىك يەرلىكىدە ياتقاندا قويغان ئىدىم). يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلدىم. كۆزلىرىم ئېچىشىپ، بوغۇزۇم ئاچچىق بولدى. ئېھ! قەدىردانلىرىم بىز باللارنى بېقىپ قاتارغا قاتقۇچە كىملەرگە قەرز بولۇپ، ساماندەك سارغايغان بولغىيتتۇڭلار ـ ھە؟ ھايات ۋاقتىڭلاردا تىندۇرما بولۇپ كەتكەن ئىنچىكلارنى بىر قېتىممۇ كوچىلاپ باقماپتىمەن دېسە...

دۆڭلەردىكى باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ كەتكەن شور قورايلارنىڭ تۇزلۇق ھىدى دىمىقىمنى ئىللىق غىدىقلايتتى. بۇ پۇراق شۇ قەدەر ئۆز ئىدى. بۇ قوراينىڭ پۇرىقىنى ھەر يەردە، ھەر قاچان ئۇنتالمايمەن. بۇ پۇراق ماڭا مەھەللەمنى، ئاتا ـ ئانامنى، قېرىنداشلىرىمنى، ئايالىمنى، باللىرىمنى، مەڭگۈ قايتۇرغىلى بولمايدىغان بالىلىقىمنى، ئاداشلىرىمنى ئەسلىتىدۇ، سۆيدۈرىدۇ. قەلبىم ئازابقا تولغاندا يىغلىتىپ تۇرۇپ كۈلدۈرىدۇ. بۇ پۇراق بىلەن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى تونۇيمەن. بۇ مېنىڭ بايلىقىم...

بۇ يەردە ياتقانلار مەھەللىمىزدە ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەر. بالا چاغلىرىمىزدا مۇنۇ كۆرۈنگەن دۆڭدىلا گۇمبەزلەر بار ئىدى. ھازىر دۆڭلەرمۇ قالمىغىلى تۇرۇپتۇ. بىزدىن كېيىنكىلەرنى كونا گۆرلەرنى ئېچىپ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ سۆڭىكىنى بىر تەرەپكە يىغىپ قويۇپ قويىدىغان گەپمۇ ـ قانداق؟ يائاللا!... جىق ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىپتۇ جۇمۇ. ئادەم قەبرىستانلىققا كەلسىلا ئۆلۈمنى ئويلاپ قالىدۇ. بولمىسا، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك قىلىق چىقىرىپ كېتىمىز. ئەمەلىيەتتە ھەر قانچە چاپراقلىساقمۇ ئاخىرى مۇشۇ يەرگە كېلىمىز ـ ھە؟!...

توختا ئاغىنىلەر. كۈننى قەدىرلىمىسەك، ھاياتلىقنى ئاسرىمىساق بولمىغۇدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز بىلەن كېتىپ، گۆردىمۇ خاتىرجەم ياتقىلى بولمايدۇ ھەقىچان؟...

بۈلتۈر يەرلىكىدە ياتقان ئارۇپكامىمۇ ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ خەقلەرنىڭ كېسىكىنى تۆكۈپ، تېمىنى سوقۇپ ئۆمرى ئۆتۈپ كېتىپتىكەن. شۇنچە جان تىكىپ ئىشلەپمۇ قەرزدىن قۇتۇلالماي ئۆلۈپ كەتتى دېسە. ھايات ۋاقتىدا ھالىڭ نېچۇك دېمىگەن ئوغلى رەھمەتلىكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ ئالدىدا جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ «دادامدا قەرزى بارلار مېنى ئىزدىسە بولىدۇ، قەرزلەرنى مەن قايتۇرىمەن!» دېۋىدى. ئەل ـ يۇرت بىردەك «بىز رازى!» دېيىشتى ـ يۇ. ئەمما جىق گەپ بولدى. تۇپراق بېشىدا مېيىتنى يەرلەپ بولغۇچە قوشنىلىرىدىن بىر نەچچىسى ئارۇپكامنىڭ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تۇرغان بىر تال ئوغلىنى يىراقتىن شەرەتلىشىپ، «ماۋۇ گۆينىڭ دادىسىنىڭ مەھەللىدە كىملەرگە قەرز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك...» دەپ قۇلاق يېقىشتى. ئەڭ ياخشىسى قەرز بىلەن كېتىپ قالماي جۇمۇ. قەرز ئىگىلىرى ھەر بىر تۇپراق بېشىغا چىققاندا قەبرەڭگە قاراپ ئالىيىپ قويىدۇ ـ دە. ئەڭ بولمىغاندا ياتقان يەرلىكىڭنىڭ بېشىغا كەلگەندە پۈتنى قاتتىقراق بىر نەچچە قېتىم تاپاندىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتە...

شۇ كۈنى بىر كۈن ئاچ قورساق دۆگمۇ ـ ساي، كۆلمۇ ـ ساز پىرقىراپ يۈرۈپ، كەچكە يېقىن يەنە شۇ باغدىكى يول بىلەن ئۆيگە قايتتىم. ئايالىم بەلكە ئۈچۈن بىر جۈپ كىيىندۈرۈپ قويىدىغان قوشكېزەك قىزلىرىمنى ئۆگزىگە چىقىرىپ قويغان ئىكەن. ھەي، ئەقىللىق خوتۇن... قىزلىرىممۇ ئارقا تامغا قاراپلا تۇرغان چېغى مېنى يىراقتىنلا كۆرۈپ خۇشاللىقىدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، خاتىرجەم كېلىۋېرىشكە شەرەت قىلدى. قاچاردا ئۈچۈپ ئۆتكەن تامدىن ئىنجىقلاپ تەستە چىقتىم. كىيىم ـ كېچەكلىرىم ئاپئاق توپىغا مىلىنىپ كەتتى. تامدىن قورۇغا سەكرەپ چۈشتۈم ـ دە، ئۆزۈمنى دەڭسىيەلمەي يىقىلدىم. بىر كۈن ئاچ قالساڭ پۇت ـ قولۇڭدا ماغدۇر قالمايدىكەنا؟... ئوڭدا يېتىپ ئۆگزىگە قارىسام قوشكېزەكلىرىم ئېغىزىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىۋېلىپ پىخىلداپ كۈلگىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئالدىغا تارتقان پەرتۇقى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن ئايالىم يۈزىدا چېلىكىنى كۆتۈرۈپ ئارقا تام تەرەپكە چىقىپ قالدى. مېنى كۆرۈپ «ۋاي، ئانىمەي!» دەپ قولىدىكى چېلەكنى تاشلاپلا يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ــ بايقىساڭ بولمامدۇ.

ــ بۈرۈنلا مۇشۇ باغ تەرەپكە بىر كىچىك ئىشىك ئېچىپ قويايلى دېسەم ئۇنىماي كەتتىڭ زادى.

ــ ئوھۇش!... بىر دەرۋازىنىڭ دەردىنى تارتالمايۋاتسا نېمە دەيدۇ ئەمدى... قىزلارغا شوتا قويغۇزماي.

ــ شوتا قويىدىغان قىزلىرىڭ ئەنە ئۆگزىدە تاماشا كۆرۈۋاتىدۇ.

ــ شۇ باللارنىڭ ئالدىدىمۇ سەتقۇ.

ــ تولا جېنىمغا تەگمەي تۇر ـ ھە.

ــ راستقۇ.

ــ خوتۇن دېگەن خەقنى...

ــ ھە، نېمە بوپتۇق؟ تولا چەكچەيمىگىنە، باللار كەلدى.

ئايالىم بىلەن قىزلىرىم مېنى يۆلەشتۈرۈپ چايخانا سۇپىسىغا ئېلىپ چىقتى. سۇپىدا يانپاشلاپ يېتىپ بىرىنچى بولۇپ قارنىنىم قازان بولدى. قورسىقىغا ئامراق ئايالىم تۈگمىدەك تۈگۈپ چۆچۈرە قىپتۇ. دىمىغىمغا رەيھان كۆكىنىڭ پۇرىقى كۆپىمدە ئۈزۈلۈشى بىلەن پۈتۈن بەدىنىم لاسسىدە بوشاپ كەتتى. بىر قىزىم ئۇيەر بۇيەرلىرىمنى تۇتسا، يەنە بىر قىزىم ئارقامغا ياستۇق يۆلىدى. ھەي، مېنىڭ ئامراق پاتەم ـ زۆھرەلىرىم...

قىزلىرىمنىڭ ئانىسىنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرىگە تويماي قارايمەن. قارىغانسېرى ئاشۇ مەسۇم كۆزلەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلىمەن. نەچچە يىلدىن بېرى ئاشۇ كۆزلەرنىڭ كۈلۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىپ باقتىم... يىقىلدىم. يەنە تۇرۇشۇم كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئەمما، يوللىرىمدا قەدەمدە بىر توساقلار... بەزىدە قەدەمنى قاياققا يۆتكىشىمنى بىلمەي قالىمەن. بەلكىم ھاياتلىقنىڭ يولى شۇنداقتۇ!... قورساقتىن ئېشىنمايدىغان ئالتە مو يەر... بىر پاتمان قەرز... تاراقلاۋاتقان دەرۋازا... قاچىدىغان ئارقا تام... كۈندىن ـ كۈنگە قولدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ساغا تەئەللۇق نەرسىلەر...شاكىلى قىلىپ، مېغىزى خەقنىڭ بوغۇزىغا تاقاشمايلا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزلىرىگنى پارقىرىتىپ قاراپ قېلىشلار... ئاچچىقلا

بار... تاتلىقنى تاپالماسلار... خوتۇنۇڭنىڭ قولىغا قاراپ قالغان بەزەن چاغلاردا، ساڭا چاندۇرماي غادىيىشلىرى...

قىزلىرىمنىڭ يەنە شەيتىنى تۇتتى. بىر بىرىنى نوقۇشۇپ پىخىلداپ كۈلۈشتى. ئۇلار يەنە بالىدە!

— نېمە بولۇشتۇڭ؟ — دېدى ئاپىسى ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان قىزلىرىغا ئالىيىپ قويۇپ، — قىز بالىمۇ تولا كۈلەمدىغان، سەتلىشىپ.

— سىز كۆرمىدىڭىز ئاپا. دادامنىڭ ئارقا تامدىن ئارتىلغان ھالىتىنى. ئۆگزىدە تۇرۇپ كۆرسە بەك قىزىق بولىدىكەن. ھا... ھا... — دەپ قورسىقىنى تۇتۇۋېلىپ تېلىقىپ قالدى پاتەم.

— ئۆزىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئوغرىدەك چۈشۈپ، تاس قالدى پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغىلى بىچارە دادام، — دەپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى زۆھرە. ئاندىن بويىنۇمدىن قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزۈمگە چىڭگىدە ياقتى. تۇرۇپلا كۆڭلۇم بىر قىسما بولۇپ، بوغۇزۇمغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك كېلىمدىكى قىرتاق سۆيۈقلۇقنى كۆچەپ يۇتتۇم.

— ھەي، ھەي... بولدى قىلىڭلار، — دېدى سەزگۈر ئايالىم ھەممىمىزنىڭ كەيپىياتىنى دەرھال ئوڭشىماقچى بولۇپ، — داداڭلار بىلەن ئۆي تۇتۇپ، مەن كۆرگەننى سىلەر تېخى كۆرمىدىڭلار. قېنى تامىقىڭلارنى ئىچىڭلار. تاماقتىن كېيىن ناۋات بىلەن سىنچاي ئىچكەچ داداڭلارنىڭ بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك تەسىراتىنى ئاڭلايمىز.

— ساڭا ئويۇن بولۇۋېتىپتۇ ـ دە! — دېدىم قولۇمغا ئەمدىلا ئالغان قوشۇقنى شىرەگە تاققىدە تاشلاپ.

— ئەمدى قايغۇرۇپ جاننى سېلىپ بەرگۈلۈكمۇ، — ئايالىمنىڭ ئاغزى كەپتە، قولى ئىشتا، ئۆزى قازان بېشىدا شىپىرلاپ ماڭاتتى، — سەن قېچىپ كەتتىڭ، مېنىڭ دەرۋازىنى ئېچىپ ھەمراغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى ئاڭلىساڭ ھەيران قالىسەن.

— يېڭى كەپتىن بىرنى توقۇغانسەن شۇ.

— بۇداقىسى قالتىس دېگىنە.

— نېمە دېدىڭ؟

— بىز بىلەن بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشىمىز كىم ئىدى؟ ئوقۇۋاتقاندا چاچىنى گەدەنگىچە قويۇۋالىدىغان...

— قايسى بوپ كەتتا؟

— ۋاي دەريادىن ئالتۇن چايقايدىغانچۇ.

— ھە، ھە... تەلەت.

— تەلەت بىلەن دەرياغا ئالتۇن چايقىغىلى كەتتى، خاتىرجەم بولۇڭ. بۇدا پۇل تېپىپ كېلىپ قەرزىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرمىسە، مانا، مەن قورۇ ـ جايىنى سېتىپ بولسىمۇ قايتۇرىمەن دېدىم. ئەمدى ئۇ سىزىق دېگىنىڭىز خېلى ۋاقىتقىچە ئۆيگە ئىزدەپ كەلمەيدۇ.

ئايالىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كاللامغا نېمىدۇر لىپپىدە كەلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇنى نېمىشقا ئويلىمىدىم ـ ھە؟ توختا، بولمىغاندا بۇ ئامالمۇ بولىدىكەن! قورۇ ـ جاي ئاتا ـ ئانامدىن مىراس قالغان. خوتۇنىنىڭ ھەققى يوق. ئىنەكلىرى ئەنە ئېغىلدا تۇرىدۇ... تاماق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، شۇ خىياللار كۆڭلۈمدىن كەچتى. كېچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئايالىم تولا ئۆرۈلۈپ ـ چۆرۈلۈشۇمدىن ئىچى سىقىلىپ، — ئىچىڭگە بىر نەرسە كىرىۋالغاندەك ئۇخلىيالمايسەنغۇ؟ يا سازدا بىرەرى بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ قالمىغانسەن؟!

— قەرزدارغا كىم قارايدۇ دەيسەن؟

— ھازىر مۇشۇ قەرز بولۇپ قالغان ئەرلەر، باي تۇل خوتۇنلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدىغان بىر ئىش چىقتى دەپ ئاڭلايمەنغۇ.

— مۇشۇ ئاياللارنىڭ تاپمايدىغان گېپى يوق ھە؟!

— پېشانىمىزدىلا بار سەمەتباي.

— كىمنى دەيسەنوي؟

— مەھەللىنىڭ بېشىدىكى بۇلاق كۆزىنىڭ ئۆيگە شەدىن چىققان ھېلىقى ئادەمگە يىل ئۆرۈلەي دېدى، كەتمىدى. ئاڭلىساق شۇ ئەر ئۈچ بالىسى بىلەن خوتۇنىنى تاشلاپ كېلىۋاپتىمىش...

— خەق بىلەن نېمە كارىمىز. ئۇيقۇڭنى ئۇخلا! تۈزۈۋاتقان پىلانىمنى يوق قىلدىڭغۇ. نەدە بىر يوق گەپنى تېپىپ...

— پىلان!... قانداق پىلان ئۇ؟

— سەن ئۇقمايلا قوي.

— ئوھۇش!... نېمە ئىشىم. ئەتىگەنلىككە بازارغا ۋاق قالماي يەنە... ئۇخلىدىم ـ ھە. سېنىمۇ تولا يوق خىيالنى قىلىۋەرمەي ئۇخلىغىن.

— غېمىڭ بولمىغاندىكىن ئۇخلايسەندە.

— ھە، غەم سەندىلا بار. ئاياللارنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەسەن.

— ئەر بولماق ئاسان ئەمەس.

— خوتۇن بولماق ئوڭاي دەيدۇ.

— ئوھۇ!... دەپ كەتكەنلىرىنى مانىڭ...

— سەن ساراڭ بىلەن تەڭ بولغىچە ئويغۇنىنى ئۇخلايچۇ.

ئايالىم ھايال بولماي ئويغۇغا تەگدى. خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ تاتلىق پۇشۇلداشلىرىنى تىڭشاپ ياتتىم.

3

مەھەللە دوقمۇشىدا ئەتىگەندە ئۆيلىرىدىن بىر چىقمۇالسا، ئۆيىدىكىلىرىدىن بىرەرى تاماققا چاقىرمىغۇچە كۆن پاتقۇچە پاراڭ سېلىشىدىغان بىر نەچچە چوڭلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېزىم تۆگە دەيدىغان ئادەم ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا: «پاھ! سىلەر بىلەمسىلەركىن؟... پۇستان يەردە، پالانچى دېگەن باي بولىدىغان...» ئۆتمۇشتە ئۆتكەن بايلار توغرىلىق سۆزلەيتتى.

— مانا، ئىلگىرى ئۆتكەن بايلاردىن، سىيتاخۇن باي دېگەن بىرى بارمىش. ئۇزى مال-دۇنياسىنىڭ ھېسابىنى بىلمەيدىغان قىلىقسىز باي ئادەم دەيدۇ. ئاشۇ سىيتاخۇن باي بالا ۋاقلىرىدا بىر نەچچە ئائىلىلىك يۇرتلۇققا ئەگىشىپ مۇزداۋان ئارقىلىق قاشقادىن ئىلىغا چىققان ئىكەن. ئىلىغا چىققان دەسلەپكى يىلى نېمە قىلىشنى بىلمەي قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرۈپتۇ. جان ساقلاش ئۈچۈن بىر چارۋىدارنىڭ مېلىنى بېقىپتۇ. ئاڭلىسام مۇشۇ سەكسەن بەلدە قويلار بىلەن دۇم يېتىپ، دۇم قوپۇپ يۈرگەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە خىزىر دارىغان ئىكەن. ۋاھ!... خىزىر دارىغان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئالتۇن دېگىننىڭ سۇدەك ئېقىپ ئۆتكۇدەك. ھوشىنى يىغالىغان ئادەم، قولىنى كېسىپ بولسىمۇ قان قىلسا خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ...

— ھوي، ھېزىم ئاداش ئاشۇ سىيتاخۇن باينىڭ ئۇرۇق-جەمەتى ھازىر نەدىكەن زادى؟

— سايۇزغا چىقىپ كېتىپتىكەن.

— ئەمدى ئۇنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان؟ سەن بىلەن بىز ئۇ باي بىلەن بىللە يۈرمىگەندىكىن بىلمەيمىزدە.

— دادام رەھمەتلىك تۇگمىنىنى ھەيدەپتىكەن.

— لېۋىركامىغا باينىڭ بىرەر تال چوكا ئالتۇنى تەگمەپتىكەنما، ھېزىمكا؟

— ئۇ گاھىنىڭ بايلىرى دادامدەك يالاڭتۆشلەرگە ياماق بېرەتتىكەن، ياماق! ھېلىقى تۆشۈكى بار ياماق...

— ھەي، ھەي ئاغىنىلەر. بىر خەقلەردىن ئاڭلايمەن. بىر پادىچى يايلاقتا كونا تاۋاقتىن بىرنى تېپىۋېلىپ، تېرىچىگە ئەرزانلا سېتىۋېتىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئالتۇن تاۋاق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ، سۆزلەپ قاپتۇ. بىچارە...

— ھەيتاڭ؟!...

— كومىنونانىڭ ۋاقتىدا بىزنىڭ ئەترەت ئەمەت باينىڭ جاگزىسىنى سالا ئېتىز قىلىمىز دەپ تۈزلىگەندە ئەسكى تاملىقتىن نۇرغۇن دۇنيا چىقمىدىمۇ. دېھقانلار بۇلىشىپ كەتكەن. كېيىن ھۆكۈمەت بىلىپ قېلىپ ھەممىسىنىڭ قولىدىكىنى يىغىۋېلىپ خەزىنىگە ئېلىپ كەتتىغۇ.

— شۇ بايلىمۇ جىق دەرد تارتىپ كەتتى.

— باي بولمىغانمۇ ياخشى.

— نېمىسى ياخشى، نېمىسى؟ ساماندەك ساغىرىپمۇ؟

— باي دېگەن كېچىچە غەم يەپ ئۇخلىمىغۇدەك...

— ئاشۇ زامانلاردىمۇ ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەر، تىرىشچان ئادەملەر باي بولغان. مانا ھازىرمۇ شۇنداق ئادەملەر باي بولۇپ، ئادەملەرنى ياللاپ ئىشلىتىۋاتىدىغۇ... ئوخشاشلا گەپ.

— ئۇنىمۇ دەيسىلەر، بۇنىمۇ دەيسىلەر. ئۇ خەقنىڭ زۇۋۇلىسى چوڭ ئۇزۇلگەن ۋاي!...

چوڭلارنىڭ ئەنە شۇنداق بايلار ۋە بايلىق توغرىلىق قىلىشقان ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنى ئاشۇ تەلەيلىك بەندىلەر قاتارىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتەتتىم. دوقمۇشتىن ئۆيگە كەلگۈچە كاللامنى نۇرغۇن خىياللار گادىرماچ قىلىۋېتەتتى. زادى باي بولغان ياخشىمۇ گادايمۇ؟... ھۆكۈمەتقۇ بارلىق پۇقرانى باي قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ، ھەر خىل ياخشى سىياسەتلەرنى كۆپلەپ تۈزۈۋاتىدۇ بولمىسا...

ماگىمۇ شۇنداق بىر غايىۋى خەزىنە يولۇقۇپ قالسا نېمىمۇ بولۇپ كېتەرمەن ـ ھە؟ چاتاق! قەرزدار بولۇپ قالغان ياقى يۈرەكتە ماي قالمىدى. مېنى يوق يۈرەك ۋاككىدە يېرىلىپ كېتىدۇ جۇمۇ...

ئادەمنىڭ قولى قانچە قىسقىرىغانسېرى شېرىن خىيالنى شۇنچە كۆپ قىلامدىكىن دەيمەن. تۇرمۇشتا ئاچ ـ يالىڭاچ قالمىسىلا كۇپايە ئەمەستە؟!... بىز باش ـ ئاخىرىغا چىقالمايۋاتقان مۇنۇ جاھاننىڭ يەنە تالاي غۇۋغالىرى بارغۇ. بەزىدە ياستۇقنى ئىگىز قىلاپ، ئوگدامغا چۇشۇپ بىر يېتىۋالسام خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەي قالىمەن. قانداقتۇر بىر چۆل ـ جەزىرىدە كېتىۋاتقىنىمدا سىرلىق خەزىنىگە ئۇچراپ بىر نېمىلەر بولۇپ كېتىمەن... ھاي، ھاي! نېمىسىنى ئېيتىسىلەر؟!... بۇنداق چاغلاردا ئايالىم گېپىنى ئاڭلىتالماي جىلى بولۇپ كېتىدۇ. ئاخىرى بېشىمدىن ياستۇقنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۆينىڭ قايسى بىر بۇلۇڭىغا پىرقىرىتىپ ئاتقاندىلا، بېشىم تامغا تېگىپ ئەسلىمگە قايتىمەن. ئۆزۈمنى يولۋاس تېرىسى ئۈستىدە ئەمەس، ئۆگۈپ ھالى قالمىغان تېكىمەت ئۈستىدە كۆرىمەن. كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىم نەگىدۇر غايىب بولىدۇ. مەرمەر تاشلىق ئايۋان ـ سارايلىرىم كۆك تاماكىنىڭ ئىسى تولغان توپا تاملىق ئۆيلەرگە ئۆزگىرىدۇ. ئالدىمدا ئاجايىپ ناز خۇلقى بىلەن ئەقلىنى لال قىلىپ، جاننى ئالىقىنىغا ئالىدىغان خېنىملار ئەمەس، بەلكى چىرايلىق كۆزلىرى ئەيىبلەش ۋە كۇندەشلىك بىلەن تولغان ئايالىم پەيدا بولىدۇ. شۇئان ئېسىمنى يىغىپ: «ياللا! ھازىرقى خوتۇنلارنىڭ ئالدىدا بىر ئىشنى قىلماقتا يوق. ئۇنىڭ خىيالنىمۇ قىلغىلى بولمىغان» دەپ قالىمەن.

ـ ھۇيت! سەمەتباي. نېمە بولۇۋاتىمىز؟ بۇ ئۆي سوغ كېلىۋاتامدۇ، ئىسسىقمۇ؟ ـ دەپ كۆينەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى يىغىپ، ئالدىمدا تۆگە چۆككەندەك چۆكىدۇ ئايالىم.

ئۇنىڭ خاپا بولۇشلىرىمۇ شۇنچە تاتلىق بولمىسا...

ـ تولا كوتولدىما! ـ دەپ ئايالىمغا چەكچىيىمەن، ـ مۇشۇ كۈندە پۇل تېپىشنىڭ خىيالىدا كاللىنىڭ قاتۇرمىغان ساق يېرى قالمىدى. سەن نېمە خىيالدا قالدىڭ ئۆزۈڭ ـ ھە؟

ـ ھەيتاگەي؟!... ـ ئايالىم كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ئۆتۈك مىخىدەك كىرىدۇ، ـ سەن پۇل تېپىشنى ئويلاۋاتامسەن ياكى باشقا...

ـ باشقا؟! نېمە باشقا...

ـ چەكچەيمە! نېمە سەتلىشىدۇ؟... ئاشۇنداق ئوگدا ياتساڭ پۇل دېگەننى تازا تاپىسەن. قەرزلەرنى قايتۇرىسەن. سەمەتباي.

ـ راست دەيسەن. گەپلىرىنى قارا ماۋۇنىڭ... ھازىر سېنىڭ قولۇڭغا قاراپ قالدىم ئەمەسمۇ. سەن ئۆينى بېقىۋاتىسەن. ھامان بىر كۈنى پېشانەمگە تېگەتتى. ئاتا ـ ئاناڭ بەرگەن ئىنەكلەرنىڭ سۈتى!... شۇڭىمۇ مەن ئۆز ئالدىمغا پۇل تاپاي دېگەن... قىرسىق بېسىپ قالدى... بۇ كۈنلىرىمىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. خەپ! ماۋۇنىڭ گېپىنى دەيمنا...

ـ ھوي ئەسكى!... بەك چىدىماس ئىكەنسەن. ئاشۇ گەپلەرنى ئىزا تارتماي ئاغزىڭغا ئالدىڭ ـ ھە. مەن ساڭا بىرەر قېتىم ئۇنداق دېگەن يېرىم بارمۇ؟

ـ سەن سېرىق ئاسلان ئاغزىڭدا دېمىگىنىڭ بىلەن كۆڭلۇڭدە چوقۇم شۇنداق ئويلايسەن.

ـ سەن كاج بىلەن شۇنچە يىل بىر ياستۇققا باش قويۇپ، بىر جۈپ قىزلارنى تۇغۇپتىمەن ـ ھە؟ دېگەن گېپىڭنى قارا. توخۇنىڭ پوقى!

ـ ھە، دېدىم، قانداق؟ زادى نېمە دەيسەن؟ ـ ئاخىرى بولالمىغاندا ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ ئايالىمغا ھۆرپىيىمەن. مۇشتلىرىمنى تۈگۈپ تاملارنى ئۇرۇپ قويىمەن. (ئۆزۈڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە قايناپ ئالغان ئايالنى ئۇرماق ئۇنداق ئاسان دەمسىلەر؟) شۇنىڭ بىلەن قازاندىكى قىزىق ماينى داغلىغاندەك گاژ ـ گۇژ قىلىپ قالىمىز.

ئۆي دېگەندە ئانچە ـ مۇنچە جېدەل دېگەننىڭ بولۇپ تۇرغىنى ياخشى دەگىلار. كۈندە ئامراقلىشىپ كەتسەڭ تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى بولىدۇ دەيسىلەر؟ جېدەل دېگەن بىر ئۆينىڭ تۇز ـ تەمىنى تەڭشەپ تۇرامدىكىن دەيمەن. مۇشۇ خەقلەر: «ۋاھ!... ۋىيەي... ئۇلار دېگەن شۇنداق ئامراق ئەر ـ خوتۇنلار. مۇشۇ ۋاقىتچە بىر بىرىگە سەن ـ پەن دېيىشىپ باقىنىنى بىلمىدۇق. ئەر ـ خوتۇن دېگەن شۇنداق بولسا...» دېيىشىپ، بىرلىرىگە ھەۋەس قىلىشىپ

كېتىدىكەن. نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن تۇرمۇشتا؟ ئەگەر شۇنداق ئەر- خوتۇنلار بار دېيىلسە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى چوقۇم نورمال ئەمەس. يا ئەر چاتاق، يا ئايال... ئىشقىلىپ خەق بىلمەيدىغان بىر يېرى بار. بوران- چاپقۇنى بولمايدىغان باھار بارمۇ؟ مۇز تۇتمايدىغان سۇ... قۇشلار جىنىدا بىر بىرىنى چوقۇشۇپ كېتىدىغۇ!؟ ئايالىمنىڭ ئېغىزىدىن سائەت چىقىپ كەتتىمۇ نېمە؟ ھەي، لېۋى تاتلىق، شۇم ئېغىز...

بىر كۈنى ئايالىم بىر ئادەمنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. مېھمان خېلى سالاپەتلىك ئىدى. مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كۆرۈشتۇم. ئايالىم مېھماننى تۆرگە باشلاپ ئاستىغا كۆرپە سالدى. داستىخان راسلاپ چاي قىلدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتىم. يېشى خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، قان تېمىپ، ئاق قاشتېشىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان يۈزلىرىدىن ياش يىگىتلەردەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمگە ھەيرانمۇ قالدىم. ئىچىمدە، ئۆمرىدە غەم دىدارىنى كۆرگەن نېمە ئەمەس بۇ، دەپ ئويلىدىم. راستتە، غەم دېگەن ئادەمنىڭ چىرايىغىلا چىقىدىغان، قاش- قاپاقتىن ئالىدىغان تۇرسا... مېھمان ئۇياق بۇياقتىن پاراڭ قىلىپ كېلىپ مەقسەتكە ئۆتتى.

—قاراڭ ئۇكام، نېمىگە كىرىپ قالغاندۇ دەپ ئويلىغانسىز- ھە؟ مەن قارامايدىن كەلدىم. تەكتىم مۇشۇ يەرلىك. سىلەر بىلمەيسىلەر. بىز قارامايغا ئىشچى بولۇپ كەتكەندە كىچىك بولۇشۇڭلار مۇمكىن. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئارامغا چىقىمەن. تاغام، ھەدەملەر ناھىيە بازىرىدا. چوڭلارغۇ ئۆلۈپ كەتتى. تۇغقان يوقلاپ كېلىپ، كاللامغا بىر ئوي كىرىپ قالدى. ئايلىنىپ كۆرسەم، بۇ مەھەللىنىڭ مۇھىتى بەك ياخشىكەن. بازارغىمۇ يېقىن. ئادەم قېرىغاندا مۇشۇنداق يەرلەردە ئولتۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكۈزسە دەيمەنغۇ. شۇڭا مۇشۇ ئەتراپتا سېتىلىدىغان قورۇ- جايلار بولسا بىرنى ئېلىپ قويايمىكىن دېگەن ئوي بىلەن پىرقىراپ يۈرگەن ئىدىم.

—مۇنداق دەڭ،—دېدىم ئىچىمگە تىنىپ. راست گەپ قىلسام، مۇشۇ كۈنلەردە بىرسىنىڭ ئۇنداق ئۇزۇن سۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. گەپ دېگەننى قىسقا قىلسا. ھازىر دېگەن «مىڭ بىر كېچە» نىڭ زامانىسى بولمىغاندىكىن...

—دەرۋازاڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام مۇنۇ سىڭىل ئۇچراپ قالدى،—دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن.

ئۇزۇن گەپ يەنە باشلاندىمۇ- نېمە؟ دەپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئايالىمغا قاراپ قويدۇم. نېمە ئاتىكارچىلىق بۇ خوتۇنغا، ئۆيگە مېھمان باشلاپ...

— «ئۆيدە يولدىشىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىسام، بار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دەپ كىرىشىم،—دېدى مېھمان ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن سۆزىنى تۈگىتىپ.

ئايالىم ئىككىمىز بىر بىرىمىزگە لەپپىدە قارىشىپ قويدۇق. ھەر ئىككىلىمىز بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلىمىز. كاللىسى بەك سەگەك خوتۇن- دە! چىرايىدا پۇشايمانغا ئوخشايدىغان بىر ئىپادە ئۆزىنى غۇۋا كۆرسىتىپ قالدى. مەن ئىچىمگە تىنىپ، يا ئاق، يا كۆك دېمەي ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم... قارامايلىق مېھماننىڭ ئۆزى تونۇمايدىغان بىر ئايالدىن «ئۆيىڭىزدە يولدىشىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغىنى ئەقىلگە سىغمامدۇ نېمە؟ بەگباش خوتۇننىڭ ھېچ بىر تەپ تارتماي ياتۋاش بىر ئەرنى ئۆيگە باشلاپ كىرگىنى نېمىسى؟... «سەمەتباي ئۆيىنى سېتىۋېتىپ قالارمۇ؟» دەپ چىرايىغا چىقىپ كەتتى بىچارىنىڭ... بۇ مېھمان نېمىشقا شۇنچە ساغلام ۋە ياش چىراي؟... مەھەللىدىن نېفىت چىقمىغاندۇ؟ بۇرۇنقى باي سودىگەرلەر سودا قىلىپ بارغانلا يېرىدە، قورۇ- جاي سېتىۋېلىپ، بولسا خوتۇندىن يەنە بىرنى ئېلىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ، يەنە يۇرتقا قايتىپ كېلىپ، يەنە كېتىپ يۈرەتتىكەن. ھېزىم تۆگە شۇنداقراق بىر ھېكايىلەرنى سۆزلىگەن. بۇ مېھمانمۇ شۇ خىل كويدىكى ئادەم ئەمەستۇ؟ ھازىر مۇشۇنداق ياش چىراي، ئەمما، يېشى خېلى بىر يەرلەرگە بارغان ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. «كۆتە، ئاناڭنى!» دەيمۇ يا...

ئايالىم چاي قۇيغان بولۇپ، داستىخاننىڭ دالدىسى بىلەن پۇتۇمنى ئاستا تېپىپ قويدى.

شۇ چاغدىلا مېھماننىڭ ماڭا سەل ئەجەبلىنىپ قاراپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىر ئادەم گەپ

سوراپ ئاغزىمغا قاراپ ئولتۇرسا خىيالغا كەتكىنىم نېمىسى؟ دەرھال تاماكا تۇتاشتۇرغان بولۇپ ئۆزۈمنى ئوڭشىدىم.

— قانداقراق قورۇ ـ جاي ئالاي دېۋىدىڭىز؟

مېھمان شۇ زامان جانلىنىپ، ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى.

— مۇشۇ سىلەرنىڭ قورۇ ـ جايدەك بولسىلا بولاتتى.

— مەسىلەنكە، ــ دېدىم ئىتتىك ئايالىمنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، ــ مۇشۇ جاينى قانچىگە ئالالايسىز؟

— چاقچاق قىلماڭ ئۇكام.

— چاقچاق ئەمەس ئاكا. تۇرۇپلا بىر ئويغا كېلىپ قالدىم دەڭا.

— سىز ساتمايسىزدە.

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. كىم بىلىدۇ. بۇ جاي سىزنىڭ رىزقىڭىزمۇ تېخى. ئويلىمىغان يەردىن ئايالىم سىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. رىزقى غايىب دېگەن گەپ بارغۇ.

— ئەگەر راستتىنلا ساتسىڭىز، ــ دېدى مېھمان ئايالىمغا خىجالەت ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ، ــ مۇشۇ بىر چىنە چاينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مۇشۇ يەردە بولۇۋاتقان باھادىن تۆت ـ بەش تەڭگە ئاشۇرۇپ ئالىمەن.

ئايالىم مېھمانغا چاندۇرماستىن بىر نەچچە قېتىم مېنى يەيدىغاندەك ھومىيىپ قويدى. بۇ خوتۇننىڭ ياخشى يېرى، جېنى غىررتىدە چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئەر خەقنىڭ گېپىگە ئارىلاشمايتتى. ئەشەلىرى كاتتا ـ دە!... شۇڭا ئۆز بېشىمچى بولۇپ ئۆگىنىپ قالدىمىكىن دەيمەن. شۇ تاپتا كاللام يەنە قىزىپ قالدى... قارامايلىق مېھمان بىلەن ئۇنى، بۇنى دېيىشىپ ئولتۇرۇپ، قورۇ ـ جايىمنى يەتمىش بەش مىڭ سومغا سېتىۋېتىپ قاراپ ئولتۇردۇم. ئايالىم بىلەن ئەمدىلا مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن قىزلىرىم ياقىسىنى تۇتقىنىچە، ئاغزىنى ئېچىپ، قاراپلا قېلىشتى.

مېھمان شۇ زامان يانچۇقىدىن بەش مىڭ سوم پۇلنى چىقىرىپ ئالدىن زاكلات بەردى. ھەممىدە خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. مېھمان كەتكەندىن كېيىن ئايالىم، قىزلىرىم بىلەن بولغان دەتالاشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. پەقەت ئايالىمنىڭ كەچتە تاماق ئەتمىگەنلىكىنى، قىزلىرىمنىڭ خۇيى تۇتۇپ، ھۇجرىسىدىن چىقماي ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى دەپ قويسىلا بولا...

قارامايلىق دېگەننىڭ پۇلى جىق بولىدىغان ئوخشايدۇ. مېھمان ئەتىسى سەھەردىلا تاغىسىنى باشلاپ كېلىپ، توختام يېزىپ، يەتتە باغلام پۇلنى ئالدىمغا قويدى. ئاندىن مەن ئۆي تېپىۋالغۇچە ئولتۇرۇپ تۇرسام بولىدىغانلىقىنى دەپ قويۇپلا كېتىپ قېلىشتى. ھېلىقى پۇلنى قولۇمغا ئالغۇچە، بارماقلىرىم تىترەپ كېتىپ، نەچچە باغلىمى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. پۇل دېگەننىڭ سۈرى بولىدىكەنا؟!

مۇشۇ كۈنلەردە ھېچ قانداق ئىشنى سىر ساقلىغىلى بولمايدۇ. بىز ئۆزىمىزچە ھېچكىم كۆرمىدى، ھېچكىم ئاڭلىمىدى دەپ يۈرگىنىمىز بىلەن كىملەردۇر كۆزىمىزنىڭ ئىچىگە سىرلىق قارايدۇ. كىملەردۇر بىر بىرىگە قۇلاق يېقىشىدۇ. يەنە شۇنداق بىر ئادەملەر بار. مەھەللىدە بىرەرسىنىڭ قىلدەك سىرىنى بىلىپ قالدىمۇ، بولدى. تاپىنى قىزىپ، غىتىلداپ ماڭىدۇ. ماۋۇ كوچىدىكى گەپنى، ئاۋۇ كوچىغا شۇنداق تېز، ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزىدۇ ـ دە، خۇمارى بېسىقىپ، يەڭگىللەپ قالىدۇ... كونىلارنىڭ «تامنىڭمۇ كۆزى بار» دېگىنى بىكار ئەمەستە! ئېغىز ـ قۇلاق يامان...

بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا قەرز ئىگىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى نۇرلىنىپ، كۆزلىرىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ، گەپ ـ سۆزلىرى بالدەك تاتلىقلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ گويلار ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا كېچە ـ كۈندۈز پايلاپ يۈردىمۇ ـ نېمە؟ دەپ ئويلاپ قالدىم.

راست گەپنى قىلسام قەرزلەرنى بەرگۈچە قوللىرىم تالاي تىترىدى. پۇل ئاستا ـ ئاستا تۈگەۋاتاتتى. چىرايىممۇ تاتىرىپ كەتكەندۇ. قەرز قايتۇرۇش ھەق بولغان تەقدىردىمۇ تەسكەن. پۇلدە... قولۇمدىكى پۇل ئازلىغانسېرى، نېمە پوق يەپ شۇ قەرزلەرنى ئالغان بولغىيتتىم دەپ ئۆكۈنۈپمۇ قالدىم. بولمىسا... ھەي...

ھەمرا سىزىق پۇلنى يانچۇقىغا مەھكەم سېلىپ، دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ ئايالىمغا خۇشامەتكويلۇق

بىلەن ھىجارىدى.

— يامان ئايالكەنسىز. كېيىنگىزدە تۇرىدىكەنسىز. قالتىس!... سەمەتباي ئايالىڭىزنىڭ پېشىدا ناماز ئوقۇساڭ بولغۇدەك...— لېۋىمنى چىشلەپ كۈلۈپلا قويدۇم. نېمە دېگۈلۈك؟ تۆھپە يەنە ئايالىمغا يېزىلدى.

قەرزلەردىن پاك - پاكىز قۇتۇلۇپ قولۇمدا يىگىرمە توققۇز مىڭ سوم پۇل قاپتۇ. بۇ پۇلغا باش تىققۇدەك بىرەر جاي تېپىش كېرەك بولدى - دە! نېمە دېگەن بىلەن بولغۇلۇق بولدى. تىرىك جان بولغاندىن كېيىن تالادا قالماسمەن... ئارىلىقتا بۇ ئىشتىن ئۇرۇق - تۇغقانلار خەۋەر تېپىپ، ھەممىسى مېنى سازاڭ، ئەقىلسىزگە چىقىرىپ تەرەپ - تەرەپتىن تالاپ كېتىشتى. توۋا! دەيمەن - دە، نەچچە ۋاقتىن قەرزگە بوغۇلۇپ، دەرۋازىدىن چىقالماي قالغاندا بىرەرى ھالىڭ نېچۇك دېمەيدۇ. ئەمدى قوپۇپ قاينايدۇ دېسە. بۇمۇ يېقىن ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆزىنى پەردازلاشتىكى بىر يولىمۇ قانداق؟ بەزىدە، مۇشۇ ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق دېگەن ئۇقۇمنى تازا چۈشەنمەيمەن.

دەرۋازامنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتىم. خېلىدىن بېرى قاناتلىرى كەگىرەك ئېچىلىپ باقمىغان دەرۋازا ئېچىنىشلىق غىچىرلىدى... قەرزلەردىن قۇتۇلۇپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالغان بولسامۇ، ئەمما - زە، نەچچە كېچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم. جاينى ساتقان كۈندىن تارتىپ، ھەر كېچىسى رەھمەتلىك دادام بىلەن ئاپام چۈشۈمدىن چىقمىدى. روھ دېگەن ئۇلۇغ بولىدىكەن. جىم ياتمايدىكەن. غايىبلارغا ئىشىنىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك قىلدىم. ئايالىم بىلەن قىزلىرىمدا گۇناھ بولمىغاچقا ھېچنېمە بولمىدى. ئەمما، مەن كۆرگۈلۈكنى كۆردۈم. چۈشۈمدە رەھمەتلىك دادامنىڭ ئېلىك پۇتى ساپلىق تاسما قامچىسىنى باش - كۆزۈمدىن قان بۇقۇلداپ چىققۇچە يېدىم. رەھمىتى ئۆزىنىڭمۇ زەنى ئىتتىك ئادەم ئىدى. يەنىلا ئانا دېگەن - ھە؟!... رەھمەتلىك ئاپامنىڭ يۇمشاق ئالىقانلىرى پېشانىلىرىمنى مېھرىلىك سىلاپ، ياشلىرىمنى سۈرتەتتى...

ئاتا يوللۇق بىر قوشنىمىز بولىدىغان. ئىلمى بار ئادەم ئىدى. ئۆيىگە كىرىپ ھال - مۇڭ بولدۇم.

— ساڭمۇ ئامال بولماي قاپتۇ بالام، — دېدى ئۇ ئۆزچەتەك ئاقارغان ساقاللىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — ئاتا - ئاناڭ ئۆزلىرى مىڭ بىر مۇشەققەتتە بىنا قىلغان قورۇ - جاينى ساتقىنىڭغا روھى قورۇنغان گەپ. ئاتا - بوۋاڭدىن قالغان ماكان دېگەن خورىماس بايلىق! ھە... روھ ئۆلمەيدۇ. روھلارنى تىنچلاندۇراي دېسەڭ، قالغان پۇلنى بۇزۇپ - چاچماي، ۋاقتىدا يەر سېتىۋېلىپ ئىككى ئېغىز ئۆي بولسىمۇ تىكلەيدىغان ئىشنى قىل. ساتتىڭ پۈتتى. ھازىرچە ئولتۇرۇپ تۇر دېگىنى بىلەن ۋاقتى كەلسە بىر كۈندىلا قوغلايدۇ. ئادەمگە ھەممىدىن ماكانسىزلىق يامان. ھە، بالام، شۇنداقمۇ - يا؟... ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا زېمىنغا چۈشۈپ كەپە ياساپ ئولتۇرغاندىن باشلاپ، ئىنسانلار شۇ ماكان ئۈچۈن تىرىشىپ كېلىۋاتىمىزغۇ. «ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن گەپ بارغۇ بىزدە. ھە، شۇنداق قىل بالام. پۇل دېگەن پىششىق ئاش. خەجلىنىپ كېتىدۇ.

ئاتا يوللۇق قوشنىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىمگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئادەم دېگەن بىر ئىشنى كۆرۈپ، بىر ئەقىل تاپىدىكەن...

نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايالىم بىلەن قىزلىرىمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ ئاچچىقلىرى بوشاپ قالدى. يەنە، بۇرۇنقىدەكلا كۆيۈنۈشكە باشلىدى. ئەمما، كوچىدىن ھويلىغا كىرسەملا، بۇ ھويلىدىكى ھەممە نەرسە، تاملار، باغلار، گۈللەر، قۇشلار، ئېغىلدىكى ئىنەكلەر ماڭا ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. تېنىم شۈركۈنۈپ كېتەتتى. ئۇياتلىق بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك ئۆز - ئۆزۈمدىن شۈكلەپ كېتەتتىم. بەزىدە ئىچىمدىكى بىئاراملىقنى قوغلىماقچى بولۇپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ باقاتتىم. بىراق، بۇ ناخشامۇ ئەمەسلا بىر نېمە بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇۋاپىق يەر ئىزدەپ كوچىغا چىقاتتىم. تىگىتىگلايتتىم. مەھەللە ئىچىدىكى يەرلەرنىڭ باھاسى ئۆرە ئىدى. مەھەللە سىرتىدىراق يەرلەرگە چىقىپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. ئەمما، ھەممە ئىشنى قولدىكى پۇل بەلگىلەيدۇ - دە!؟

4

بالا ۋاقلىرىمدا دادام رەھمەتلىك بىلەن سازلىققا چۈشۈپ، تەتىل توشقۇچە چېغىرتماق ئورۇيتتۇق. ئۇ

چاغلاردا جاھان ئاجايىپ كەڭرى ئىدى ـ ھە؟ دۆڭلۈكتىن چۈشۈپ، قومۇشلۇققا بارغۇچە كۆپكۆك دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرغان چىغىرتماقلىق ئىدى. ئاچ كۆك ئېچىلىپ كەتكەن چىغىرتماق گۈللىرى ئۈستىدە ھەرە، كېپىنەكلەر ئۇچۇشۇپ يۈرىدىغان. شۇنچە تاشلىنىپ تۇرغان يەرلەرنى مەھەللىدىكى بىرەرى تۆت تامنى سوقۇپ، قورۇق قىلىپ ئايلاندۇرۇۋالاي دېمەيدىغان. ئادەملەر توق ئىدى. گەرچە قورساق تۈزۈك تويمايدىغان چاغلار بولسىمۇ... مانا، ھازىر قورساق توق، كىيىم پۈتۈن. يەنە نېمىشقا شۇنچە ئېچىرقاپ كەتتۇق؟ بۇ نەپسى بالا بىزگە قاچاندىن بېرى چاپلاشتى؟ ئويلىسام ئەقلىم يەتمەيدۇ. گەپكە قايتسام، دادام ھارماي چالغا چاپاتتى. مەن شامالداپ قۇرىغان چىغىرتماقلارنى تىرنا بىلەن يىغىپ ئۇنچىلەيتتىم. بەزىدە ئاشۇ ئۇنچىلەر ئۈستىدە راھەتلىنىپ يېتىپ كېتەتتىم. كېينچە ئايالىم بىلەن بىر بىرىمىزگە ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ كۆيۈشۈپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدىمۇ ئاشۇ ئېگىز ئۆسكەن چىغىرتماقلار ئارىسىدا كۆرۈشەتتۇق. قانماي مۇڭدىشاتتۇق. تۇيۇقسىز قۇچاقلىشاتتۇق. ئايالىم، قولىغا ئېلىۋالغان چىغىرتماق گۈللىرىنى باشلىرىمغا ئېتىپ تۇرۇپ «يېقىن كەلمەڭ ھە؟!...» دەپ، ئاجايىپ ناز قىلاتتى. چىغىرتماقلىقتا مۆكمۆكىلەك ئويناۋاتقان باللار بىزنى ماراپ بەك ئاۋارە قىلىدىغان... ئايالىم بىر كۈن ئاۋۋال ئاشۇ چىغىرتماقلىقتا تىقىپ قويغان بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى قوللىرىمغا بېرىپ، ئۆز بەختىنى ماڭا تاپشۇرغان ئىدى. مەن ئۇنى چىغىرتماقلىق ئارىسىدىكى چىغىر يوللار بىلەن ئېلىپ قاچقان ئىدىم. بىز بۇنى مۇھەببەت دەيتتۇق. قايران ياشلىق!... چىغىرتماق غولىدەك كۆك، گۈلىدەك يۇراقلىق، ئۇرۇقىدەك قاتقان ياشلىق... ئەمدى بېشىمىزنى تاشقا ئۇرساقمۇ مەھەللە، سايلار، سازلىقلاردىن ئۇنداق چىغىرتماقلىقنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئادەم ئۆزىدىن نېمە شۇنچە يىراقلاشسا شۇ نەرسە قىممەتلىك ھەم گۈزەل بولىدىكەن...

ــبالام، نەچچە يىللاردىن كېيىن بۇ ئەتراپتا ئالىقانچىلىكمۇ يەر قالمايدۇ.

ــنېمىشقا، دادا؟

ــئادەملەرنىڭ نەپسى يوغىناپ كېتىدۇ.

ــھە...

ئۇ ــ يالاڭئاياق باللار، دۆڭلەردىكى شور توپىلىق يوللاردا توپا توزىتىپ، چاڭلارنى ھۇزۇرلىنىپ سۈمۈرىدىغان چاغلار ئىدى. ئەتىگەندە مەھەللىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن ئات، كالا، ئېشەك، قوي، غازلار خالىغان يېرىدە ئوتلايدىغان چاغلار ئىدى. ئۇسساپ كەتسەك خالىغان ئېرىقتا دۈم يېتىپ، قانغۇچە سۇ ئىچسەك بولىدىغان چاغلار ئىدى. سازلىقلاردىن خەقلەرنىڭ ئېشەكلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ، بوغۇم ـ بوغۇم قىلىپ تەرگەن بۇغداي باشاقلىرىنى ھويلىدا خامان قىلىپ، ئېشەكلەرگە دەسسىتىدىغان چاغلار ئىدى. بىرەرى ئېشىكمنى ئاق قىلىپسەن، كۆك قىلىپسەن دېمەيدىغان چاغلار ئىدى. يىگىتلەر، قىزلارنىڭ باغلارنىڭ شورا تاملىرىنىڭ يېنىدا، بىرى ئۇياقتا، بىرى بۇياقتا تۇرۇپ مۇڭدىشىدىغان چاغلار ئىدى. ئەتىرەت باشلىقىغا جايلىق يەر دېسەك، ئاتتىن چۈشمەيلا «ئاۋۇ يەردىن، ماۋۇ يەرگىچە بىر نېمە قىلىۋال ـ ھە!» دەپ قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن كۆرسىتىپ قويىدىغان چاغلار ئىدى...

بىر چاغلاردا ئىگىسىز تاشلىنىپ تۇرغان شور دۆڭلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە پۇل بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى دەيمىنا. بۇرۇن يۈزلۈگدىكى خالدەك ئېنىق بىلىدىغان مەھەللە ئادەملىرىنى ھازىر بىلەلمەيسەن. كىملەر ئۇ؟... ئەنە ئۇ كىملەرنىڭ تۇغۇلمىغان بالىسىغا ئېلىپ قويغان جايلىق يېرىنى ئون مىڭ سومغا سېتىۋالدىم. قىپقىزىل پۇلنى بەرگۈچە قوللىرىم تىترەپ كەتتى. ھەرھالدا مەن قوشنا بولىدىغانلار، ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن ئادەملەر ئىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى ئانچە غېرىبلىق ھېس قىلمىدىم. جايلىق يېرىمگە يازنىڭ يېزىدا، پۇلنىڭ بارىدا ئۆي سېلىۋالاي دەپ ئىش باشلىدىم. باش قاتىدىغان بىر يېرى ئۇزۇن يىللار ئاق تاشلىنىپ ياتقان بىر يېرىم مودەك بۇ جايلىق يەر دۆڭ ھەم ئازگال ئىدى. ھەممە يەرنى يۇلغۇن، ئاق تىكەن، قورايلار بېسىپ كەتكەن ئىدى. بۇ يەرنى تۈزلىمەي ئۆي سالغىلى بولمايدۇ ـ دە! بىرىنچى قىلىدىغان ئىش يېقىن ئەتراپتىكى كېسەك خۇمدانىنىڭ توپا تۇرتۇش ماشىنىسىنى ئېلىپ كېلىش

بولدى. كۆرۈلدىكەن ئاۋاز چىقىش بىلەن قوشنام ساۋۇر مەزىن ئاستا مېڭىپ يېنىمغا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئادەم تۇنجى بولۇپ ئادەمسىز بۇ شورتاڭلىقتا جاي سېلىپ، ئۆز ۋاقتىدىلا خېلى كەڭرى زېمىن ئۆتنۈالغان ئىدى. ئۆزىمۇ ناھايىتى دىتلىق ئادەم بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن مەزىننىڭ ئائىلىسى مەھەللىدىكى ئۇستا بورىچىلاردىن ھېسابلىناتتى. ھەر يىلى قومۇشنى كۆپ ئورۇيتتى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى دۆڭلەرگە قومۇشلارنى تاغدەك دۆۋىلىۋېتەتتى. خېلى يىللارغىچە مەزىننىڭ ئۆيى بۇ ئوچۇقچىلىقتا يەككە ـ يېگانە چوقچىيىپ تۇرغان ئىدى. كېيىن ئەتراپ تېزلا مەھەللە بولۇپ كەتتى.

ــ ھە، سەمەتباي بالام،ــ دېدى ساۋۇر مەزىن چىرايلىق ياسىتىۋالغان ساقىلىنى ھەۋەس بىلەن سىلاپ قويۇپ،ــ ئۆينى باشلاپسەندە.

ــ شۇنداق ساۋۇر دادا، سىزگە قوشنا بولۇپ قالىدىغان بولدۇم.

ــ بەك ياخشى بولدى بالام. مەنمۇ بۇ يەرگە قايسى بىر كەلگۈندى ئۆي سالا دەپ ئەنسىرەۋېدىم دېگىنە. مانا، ئۆز بالىمىزكەنسەن. رەھمەتلىك داداڭنى ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىكىگە قويغان ئەمەسمۇ مەن.

ــ باشقا كۈن چۈشۈپ جايدىن ئايرىلىپ قالدىم.

ــ ئاڭلىدىم. ھەممىسى بۇيرۇق بالام.

ئۇ چاقچىچە يەنە بىر يېڭى قوشنام پازىلكاممۇ بىز تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئېگىز، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بۇ ئادەممۇ يات ئەمەس ئىدى. پازىلكام مەن ئېسىمنى بىلگەن چاغلاردىلا مەھەللىنىڭ پادىسىنى سازلىقتا باقاتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، «پادىچى» دەپلا ئاتايدىغان. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە سازلىق پۈتۈنلەي دېھقانچىلىق يەرلەرگە ئۆزگەرتىلىپ كەتكەچكە، مال ئوتلىغۇدەك يەر قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن پازىلكام پادىچىلىقنى تاشلىدى. مال بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ خېلى چارۋىدار بولۇپ قالدى.

ــ ھە، ئۇكا، باشلىدىڭ؟

ــ خۇدايىم بۇيرۇسا.

ــ ئۆينى قانداق سالاي دەيسەن؟ــ دەپ پازىلكام خېلىدىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن، يىرىك قارا ساقاللىرىنى تاتىلاپ ھىجايدى،ــ ساڭا قارىغاندا ئۇكا بۇ شورتاڭلىقنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. ھە، نېمىسىنى ئېيتىسەن؟... شۇنداقتۇ مەزىن ئاخۇنۇم.

ــ شۇنداق بولماي... بىلىمىز. مانا، مۇشۇ دەسسەپ تۇرغان يەرلىرىمىز بۇرۇن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ بېدىلىكىنىڭ ئاخىرى بولىدىغان. ئاڭا قارا بالام، بىزنىڭ جەمەتىمىز پۈتۈن سۈرۈك بىر مەھەللىنى بىنا قىلغان. دادام رەھمەتتى دەيدىغان «بىز كەلگەندە بۇ تۆڭگىرەكتە مەھەللە يوق، ئەتراپىنىڭ ھەممىسى جاڭگال» دەپ. ئۇ چاغلاردا شەگە كىرىدىغان يول مۇشۇ دۆڭلەرنى ياقىلاپ ماڭاتتىكەن. ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە بىر نەچچە دەك، جاڭزىلار بارتىكەنمىش...

ــ سەمەتباينىڭ ئۆيىگە كېلەيلى.

ــ شۇنىڭ بىلەن ئۆينى قانداق سالىدىغان بولدۇڭ؟ ھە... ھە... ئۇمۇ بولىدۇ. مەنچە مۇنداق قىلساڭ...

ــ ياق، ياق ئۇنىڭدا بولمايدۇ. دۆڭنى ماياققا تۈرسۈن...

قوشنىلىرىم قولىغا بىر تالدىن تاياقنى ئۆتنۈۋېلىپ، يەرگە جىجىلاپ، ئۆيۈمنى لايىھەلەپ خەرىتىنى سىزاتتى. تويا تۈرتۈش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتنۈۋېلىپ، بىرى ئاياققا دېسە، يەنە بىرى ماياققا دەپ شوپۇرنىمۇ تەمتىرىتىپ بىر يەرگە ئاپىرىشتى.

مۇشۇ جايلىق يەرنى سېتىۋالغاندىن بېرى قالايمىقان چۈشلەرنى تولا كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. يۈرىكىم تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۆزىچىلا ئەنسىز سوقۇپ كېتەتتى. شۇ تاپتا «ئۆزۈمدىن بىرەر چاتاق چىقمىغاندۇ ـ ھە؟» دەپ يۈرىكىمنى تىڭشاپ خىيالغا پېتىپ تۇراتتىم. تۈيۈقسىز ساۋۇر مەزىن يېڭىمدىن تارتىپ قۇلىقىمغا جىددىي پىچىرلىدى.

ــ ئاڭا قارا. تۈرتۈشتى توختات، ئاۋۇنىڭ ھەققىنى بەردە، يولغا سال!

ــ نېمىشقا؟ ئىش تۈگىمىسە،ــ دېدىم ھەيران بولۇپ،ــ ئادەمنى ئېلەشتۈرۈۋەتتىڭلارغۇ زادى.

ــ كەينى ئاڭلا بالام. ماۋۇ ئەتراپ سىرلىق يەر بالىلىق قىلما.

—نېمە بولدى؟ دېمەمسلەر.

—ئالدى بىلەن ئاۋۇ ھايدايدىغاننى يولغا سالمامسەن.

ئاڭغىچە پاژىلكام توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئارىدەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، شوپۇرنى توختىتىپ بولدى. قوشىنىلىرىم جىددىيلىشىپ مېنىمۇ تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ كەتكەن ئىدى. بىر بىرىگە لاپ-لاپ قىلىپ سىرلىق قارىشاتتى. ئۇلار ئۇنداق قىلغانسېرى يۈرىكىم تېخىمۇ ئەنسىز ئېغىپ كەتتى. ھېچ ئىشنى ئاڭقىرالمىغان بولسامۇ شوپۇرنىڭ ھەققىنى بېرىپ يولغا سېلىۋەتتىم. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ قارىسى يۈتۈش بىلەنلا ئىككى قوشنام تەڭلا تۆرتۈلگەن توپا دۆۋىسىگە قاراپ يۈگۈردى. «ماۋۇ خەققە نېمە بولغاندۇ؟» دەپ يېنىغا باردىم. ئۇلار قوللىرى بىلەن يۇمشاق توپا دۆۋىسىنى كولاشقا باشلىدى. ھەرىكىتى سىزغۇردەك چەبدەس ئىدى. كۆزۈمگە ئۇلار راستتىنلا يوغان ئىككى سىزغۇردەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

—ساۋۇركا بىر نېمىلەرنى كۆرىدىكەن كۆزلىرىڭ-ھە؟

—پادىنىڭ كەينىدە بىر ئۆمۈر يۈرۈپ، كۆمۈتا كىرىپ كەتكەن كۆزلىرىڭگە ئوخشاتقانمىدىڭ.

—ھا... ھا... نېمىسىنى ئېيتىسەن؟ ئوھۇي ئۇكا بۇتتەك قاراپلا تۇرىسەنغۇ، سەنمۇ كولىمامسەن.

—نېمىنى؟

— راستتىنلا كۆرمەپتۇ ھوي مۇنۇ.

—ھازىرقى ياش باللارنىڭ خىيالى جايىدا بولمىسا.

—ھوي نەگە كۆمۈلۈپ كەتتا؟

—مەشە، مەشە، مەشەنى كولايلى ساۋۇركا!

—بىرمۇ، ئىككىمۇ؟ پاژىل ئۇكا.

—بىرغۇ!

بىر چاغدا ئۇلار توپا ئارىسىدىن ئېغىزى ھىم ئېتىلگەن بىر قارا كوزىنى تەڭلا قومۇرۇپ ئېلىشتى.

—دىققەت قىلايلى،—دېدى ساۋۇر مەزىن ئالدى-ئارقىسىغا ئالاڭلاپ قاراپ،—تاس قالدى-دە سەمەتباي ئىشنى بۇزغىلى. ئاۋۇ يۇمۇق شوپۇر كۆرمەپتۇ جۇمۇ.

—كىچىك-كۈندۈز خۇمدانىدا تۇتۇۋېتىپ ھايداۋېرىپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالدى-دە!

—ئاڭا قارا بالام. ئامىتىڭ باركەن، بايلىق!

—بايلىق!؟...

كاللامغا تۈيۈقسىز ھېزىم تۆگىنىڭ خەزىنە توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى كەلدى. شۇ زامان ئىككىسىنىڭ يېنىغا مەنمۇ چاپلاشتىم. ئۈچىمىز كوزىنى تەڭ دېگۈدەك كۆتۈرۈپ، تامنىڭ دالدىسىدىكى ئازگاللغا چۆكتۇق.

—ئالدىن دەپ قوياي باللار. ئۈچىمىز تەڭ كۆردۇق. ئىچىدىكى نېمە بولسا تەڭ بولىدۇ،—دېدى ساۋۇر مەزىن.

—ئىشقىلىپ جايلىق يەر مېنىڭ،—دەپ غۇدۇراپ قويدۇم.

—بالام ھوي، نېمە بولۇۋاتىسەن؟ ئىچىدىكى بىرەر جەسەتنىڭ كۈلى بولۇپ قېلىپ، خىجالەت بولۇپ قالما يەنە. نېمە دېگەن چىڭ ئېتىلگەن ئېغىزى بۇنىڭ.

—چوقۇم بايلىق.

—قېنى ئاچايلى.

—گەپ كەپ بولسۇن. ئۈچىمىزگە تەڭ، قانداق سەمەتباي؟ نېمە چىرايىڭنى كۆكەرتىسەن. ھەممىمىزگە بۇيرۇغان گەپ بالام. بولمىسا...

—ئىچىدە بىر نېمە شاراقشىيدىغۇ!؟

—غۇچچىدە تىللا ئەمەستۇ ھە!

—ئىنسانغا تىنىشما!

—ساراڭمۇ؟! بايلىق تېپىۋالغانىنمۇ كىشىگە دەپ.

—ئاستا گەپ قىل. سازدا پادا بېقىۋاتمايسەن.

—ئەكىلە مەن ئاچاي. نېمە گۆرگە مېيىت ئەكىرىۋاتقاندەك ئاۋايلاپ...

—ياﺋاللا! تاقىلداپ كەتكىنىڭنى قارا.

—سېنىڭمۇ يۈرىكىڭ ئاغزىڭغا قاپلىشىپ تىنالماي قېلىۋاتىسەن ساۋۇركا.

—ئېچىلدى! مانا، كۈچى بار ئادەم باشقىچە بولىدۇ.

—بايقا... ھوي بايقا.

كوزىنىڭ ئېغىزى ئاخىر ئېچىلدى. مەن كوزىدىن قويۇق تۈتۈن چىقىپ، چۆچەكلەردىكىدەك دېۋە پەيدا بولامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەمما، ئۇنداق

بولمىدى. قورقۇپ كوزىدىن يىراقلاشماي ئەكسىچە كوزىغا چاپلىشىپ قالدۇق. بايلىق دېگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋېتىدۇ-دە!

ساۋۇر مەزىن ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، كوزىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دۈم قىلدى. ئىچىدىن شاراقشىپ بىر نېمىلەر يەرگە تۆكۈلدى.

—ۋاي ئاناڭنى، يارماقكەن!

— ھەممىسىلىما؟

—ھەئە!

—ئالتۇنمىكىن دېگەنتىم.

—مەنمۇ نەقلا شۇنداق ئويلىغان.

—ماۋۇمۇ پۇلغا يارايدۇ باللار. مىس يارماقكەن.

—ئۇنى كىم ئالىدۇ؟

—شەگە كىرگەندە كۆرمىدىڭلارمۇ؟ پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا ساپلا مۇشۇنداق كونا زاماننىڭ بىر نېمىلىرىنى يىغىدىغان ئوقەتچىلەر يايما يېيىپ ئولتۇرمامدۇ.

—قانچىلىك بىر نېمە بولا؟!

—ساتقاندا بىلىمىزدە. ئالسا دېگىنە تېخى.

—قاچان ساتىمىز؟

—ئالدىرىمايلى. جىق نەرسىكەن بۇ. بىر يولى كەلسۇن.

—يولى كەلگۈچە ئولتۇرامدۇق؟!

—چوڭنىڭ ئەقلى بىلەن ئىش قىلايلى پازىلكا!

—مۇشۇ ئەتراپتا يەنە باشقا نەرسە بولۇشى مۇمكىن، چاندۇرماي كولاپ باقايلى،—دەپ ساۋۇر مەزىن ئەتراپقا قاراپ قويدى.

—يەنە نېمە بولماقچىدى؟!—دەپ پازىلكام توپا دۆۋىلىرىگە يېنشلاپ قاراپ كەتتى،—تۇرمامسىلەر. بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرەمدۇ. ماۋۇ ئوقەتنى نەگە جىمىقتۇرىمىز.

—مەن ئۆيگە ئاپىرىپ قويمامدىمەن.

—بولمايدۇ. سەمەتباي بالام. بىزنىڭ بۇ مەھەللىدىكى ئادەملەرنى تېخى تازا ياخشى بىلمەيسەن. گەپ چىقىپ كېتىدۇ.

—خوتۇن باللارغىمۇ تىنمايلى جۇمۇ!

—بىزنىڭ ئېغىلغا كۆمۈپ تۇرايلى. ھازىر ئۆيدە خوتۇن-باللارمۇ يوق دەڭلار. قانداق باللار؟

—ئەمىسە... ساناپ قويايلى،—دېدى پازىلكام ئىتتىك كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ،—قانداق دېدىم سەمەتباي ئۇكا؟

—نېمىنى؟—دەپ ئۆڭدى ساۋۇر مەزىن.

—مىس يارماقنى.

—مەن بەش ۋاق ناماز ئادەم. سىلەرگە قارا سانارمەنمۇ. ماۋۇ پادىچىنىڭ كېپىنى قارا.

—ھوي، مەزىن ئاخۇن. خاتا گەپ قىلدىممۇ؟

—ھە بولدى. سەن خاتا گەپ قىلمايسەن.

—يالغانمۇ؟

ئىككىسىنىڭ دەتالاشلىرىغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدىم. بىرى ئاتا يوللۇق، بىرى ئاكا يوللۇق ئادەملەر. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئارىلاشماي ئۆز خىيالىم بىلەن ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ قالدىم. كاللامدا: «بۇ بىر كوزا يارماقنى بۇ يەرگە كىم كۆمۈپ قويغان؟» دېگەن سوئال تىنىمسىز پىرقىرايتتى. بۇ ئىشنىڭ قىزىق يېرى شۇدە...

—سەنچە زادى قانداق قىلىمىز ئۇكا؟—دەپ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى پازىلكام،—ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ،—سېنىڭ دېگىنىڭ ھېساب!

—ھە؟

—نېمە خىيال ھوي؟ سەندىكى تۆكمىكەن!؟

—ئەمدى، سانىساق سانايلى. ساۋۇر دادام ئىككىمىزدىن چوڭ بولغاندىن كېيىن بىزگە قارىغاندا كۆپ نەرسە بىلىدۇ. بىزدىن ياخشى ساقلايدۇ.

—ماۋۇ گەپ بولىدۇ،—دېدى پازىلكام دەرھاللا،—كۆڭۈل دېگەن ئوچۇق تۇرغىنى ياخشى، شۇنداقتۇ؟

—نېمىسىنى ئېيتىسەن؟ مەزىن ئاخۇنۇم بىزگە قارىغاندا دىلى يورۇق ئادەم.

—ھەق!

يەردە چېچىلىپ تۇرغان يارماقلارنى قوللىرىمىزغا ئالدۇق. بۇ يارماقلارنىڭ بەزىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. بەزىلىرى مايلىشىپ كەتكەن بولۇپ يۈزىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. بىر-بىرلەپ ساناپ، قايتىدىن كوزىغا قاچىلىدۇق. توپتوغرا مىڭ تال يارماق ئىكەن.

— بىرى ئۇياق يە بىرى بۇياق ئەمەس. مىڭ تاللىغۇ بۇ، قىزىقتە. خاتا بولۇپ قالمىغاندۇ؟

—توغرا سانىدۇق.

—مىڭ ھە؟!

— مەك.

— ئاغزىنى ئېتەيلى!

— توختا ـ توختا. ئىككى ـ ئۈچ تال ئېلىۋالاي خېرىدار ئىزدىگەندە كېرەك بولىدۇ، ــ دەپ ساۋۇر مەزىن تۆت تال يارماقنى قويۇن يانچۇقىغا سالدى.

— ئەمىسە، بىز جىممىدە ياتىمىز، خېرىدارنى سەن ئىزدەيسەن جۇمۇ ساۋۇركا!

— بولىدۇ. بۇنداق ئىشلارغا خېلى ئېپىم بار.

— قاتتىق پۇللۇق بولۇپ كەتسەڭ، بىر يەرگە قاچمايدىغانسەن؟!

— ئاگا قارا، تېگىمىزدىن باي ئۆتكەن خەق جۇمۇ بىز! گەدىككىنە نەرسىگە ئۆزىمىزنى بۇلغىمايمىز.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم.

— ھەي، سەن پادىچىزە...

— بىرەرى كېلىپ قالمىسۇن يەنە، بولۇڭلار!

— راست!

بىز كوزىنى كۆتۈرۈپ، مەزىن ئاخۇننىڭ ھويلىسىغا غىپپىدە كىردۇق. ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چوڭقۇر ئورەك كولاپ، كوزىنى بىر خالتىغا ئوراپ كۆمدۇق. ئۈستىنى چانمىغۇدەك قىلىپ ياساپ قويۇپ، قايتىپ چىقتۇق. ھەممە يېرىدىن شور ئۆرلەپ پۇرقىراپ تۇرغان، كۆرۈمسىز، ئۇنۇمسىز بۇ بىر پارچە زېمىن، ماڭا قاراپ سىرلىق ھجىيىۋاتقاندەك، قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك، يەنە تورۇپلا ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. يۈرىكىم تۇيۇقسىز ئېغىپ، ۋۇجۇدۇم تىترىگەندەك بولدى. دەرھال ئىككى قوشنامغا قارىدىم. ئۇلار بىر بىرىگە مەھەللىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى دۆڭلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. تۇرۇپلا ئوڭ كۆزۈم بىلەن سول كۆزۈم ئوخشىماي قالدى. سول كۆزۈمدە چاتاق يوق، ئەمما ئوڭ كۆزۈمگە غۇۋا بىر نەرسە كۆرۈنەتتى. ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە بىر نېمە مىگىپ كېلىپ ئوڭ كۆزۈم تەرەپنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئارقامغا كېتەتتى. نېمىلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

ئىككى قوشنام دۆڭدە پۈتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ تېخىمۇ قىزىق پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

— ساۋۇركا مۇنۇ ئېتىزلىقلارنى بۇرۇن بىر باينىڭ قورۇقى دەيدىغۇ؟!

— يېڭى ھۆكۈمەت قورۇلغاندا دېھقانلار ئۆرۈيدىغاننى ئۆرۈپ، كېسىدىغاننى كېسىپ ئېتىزلىقلارغا ئايلاندۇرغان... شۇ چاغدا ئىگىلىرى قورۇقنى تاشلىۋېتىپلا غايىب بولغان ئىكەن.

— ھازىرقى ماۋۇ «بۇتخانا» دەيدىغان دۆڭنىڭ ئەتراپىدا سېپىل بار ئىكەندۇق ـ ھە. تامنىڭ ئۈستىدە هارۋا ماڭىدۇ دەمدە نېمە؟

— سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدا بازار بولاتتىكەن. يىراق ـ يېقىندىن نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ سودا ـ سېتىق قىلىپ تۇراتتىكەن.

— ئۆرۈشمۇ بولغان دەيدىغۇ!؟

— ياق، ياق! ئۇنى مەن ئاڭلىمىدىم. ئەمما دەۋا ـ دەستۇرلارنى سورايدىغانلارنىڭ سېپىل ئىچىدە يامۇلى بولغانىكەن.

— يارماقلارنى شۇ چاغدا خەجلىگەن دېگىنە!؟

— ئۇ كەملەردە سېرىق مايلىق قەغەزدىن ياسالغان گوۋازا پۇللار، يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مىس يارماقلار، ئىشقىلىپ ھەرخىل پۇللارنى ئىشلىتىدىكەنغۇ. ئۆلمەيدىغىنى ئالتۇن ـ تىللادە!...

— راست، بىر نەرسە ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ ساۋۇركا. مۇشۇ يادا بېقىۋاتقان ۋاقتىمدا ياقا يۇرتلۇق بىر ئادەم كېلىپ، نەچچە كۈن مۇشۇ ئەتراپتا نېمىدۇر بىر نەرسە ئىزدىگەن جۇمۇ. ماڭا: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاياغ ئىزى قالغان يەرلەرنى سېغىنىپ، زىيارەت قىلغىلى كېلىۋېدىم» دېگەن ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇلار مېنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىشتى. بايلىق دېگەنمۇ قىزىق نەرسە ئوخشايدۇ. بىر ئوبدان تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ ئۆز ئىشى بىلەن يۈرگەن ئادەملەرنى ھەر كويلارغا سالىدىغان. بەزىدە پەدىنى تەڭشەپ، بەزىدە پەدىنى تەڭشىمەي چالىدىغان.

5

ئۆي سېلىش ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلغان ئىدىم. جايلىق يېرىمدىكى دۈمچەك دۆڭدىن بىر كوزا يارماق چىقىپ ھەممە ئىشنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئادەم دېگەن بەزىدە ئۆزىنى باشقۇرالماي قالىدىكەن. مۇنۇ ئىككى قوشناممۇ بىر تۈزۈك ئادەملەر ئىدى. غەلىتىلا بولۇپ قالدى دېسە... ئەتىسىدىن

باشلاپ كۆرجىكنى كۆتۈرۈشۈپ جايلىق يېرىمنىڭ ئەتراپىنى ئالا قويماي ماتكوشلىغىلى تۇردى. بەزىدە ئۈچىمىز خۇددى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خادىملىرىدەك چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتۇق. ئاخىرى پازىلكام كۆرجەكنى تاشلىدى.

ــ يەنە نېمە بولماقچىدى؟ دېسەم ئۇنىمايسىلەر ــ دە! بۇ ئاشۇنداق بىر تاسادىپىي چىقىپ قالغان نەرسە.

ــ ئەمدى، باللار، ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ.

ــ بولدى. سەمەتباي ئۇكا، تولا تاما قىلماي ئۆينى باشلا. ساۋۇركامىز نەچچە ۋاق نامىزنى ئۇنتۇپ قالدى ــ دە. ھە، نېمىسىنى ئېيتىسەن؟!

ــ سەنمۇ ئېتىزغا چۆپ ئورۇغىلى بارمىدىڭمۇ؟

ــ ھا... ھا... شۇنى دەيمىنا.

تۇرۇپلا يەنە ئوڭ كۆزۈم بىلەن سول كۆزۈم ئوخشىماي قالدى. سول كۆزۈمدە چاتاق يوق. ئەمما، ئوڭ كۆزۈمگە غۇۋا بىر نەرسە كۆرۈنەتتى. ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە بىر نېمە مىگىپ كېلىپ، ئوڭ كۆزۈم تەرەپنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئارقامغا كېتەتتى. نېمىلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

ــ بۇ يەرگە ئۆي سالسام قانداق بولا؟

ــ ھوي، نېمىگە ئۇنداق دەيسەن بالام؟

ــ ئەمدى شۇ، كۆزۈمگە بۇ يەر بىر قىسىملا كۆرۈنىدۇ دەيمەن ــ دە.

ــ ھا... يوق گەپنى قىلماي جايىڭنى سالىۋە!

ــ ماڭا سېتىپ بېرەمسەن يا؟ ــ دېدى پازىلكام كۈلۈپ كېتىپ، ــ چوڭقۇرراق يەرلىرىدىن يەنە بىر نېمىلەر چىقىپ قالامدۇ تېخى...

ــ نەچچە يىلدىن بىكار تۇرسا ئالماي، ئەمدى قىزىقىپ قاپسەنغۇ؟

ــ بىلمىدۇقتە بۇ يەرنىڭ سىرىنى. نەچچە يىلدىن ئىككىلىمىز ئەخلەتلىرىمىزنى تۆكۈپ يۈرۈپتۇق، خىسلەتلىك يەركەن ئەمەسمۇ.

ــ ئالغان پۇلۇمنى ئون ھەسسىلەپ بەرسەڭ ساتاي!

ــ چاقچاق ئۇكا! يارماقنىڭ گېپىگە كېلەيلى، قاچان ساتىمىز ئۇنى ساۋۇركا؟

ــ نېمە ئالدىرايسەن؟ تېخى بازار كۆرگۈدەك بولمىدىم.

ــ ئالدىرا ساۋۇركا!

ــ مەنمۇ شۇ غەمدە! سەمەتباي، شېغىل، قۇم، كېسەكلىرىڭنى توشۇپ، ئەتىدىن باشلاپ ئۆيگە تۇتۇش قىل، يارماقنى دەپ ئۆيۈڭ قېپقالمىسۇن!

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۆي سېلىشقا باشلىدىم. ساۋۇر مەزىن بوش ۋاقىتلىرىدا يارماقنىڭ بازىرىنى تىڭتىڭلاشقا چاپاتتى. بەزىدە پازىلكام ئىككىمىزنى يېنىغا چاقىرىپ:

ــ تازا خېرىدارى يوق. پۇلغا يارىمايدۇ دېگەنلەرمۇ بار. ھازىرچە ئالدىرىمايلى. ئالدىرىغان شەيتاننىڭ ئىشى. مۇشۇ پات يېقىندا شەگە كىرىپ چىقىمەن، ــ دەپ ئۇچۇر يەتكۈزەتتى.

پازىلكام ساۋۇر مەزىن يوق يەردە قۇلىقىمغا يەنە باشقىچە پىچىرلايتتى.

ــ بايلىق سېنىڭ يېرىڭدىن چىققاندىن كېيىن، مەزىن نېمە دېسە، ھە، دەپ سالپىيىپ تۇرما. مەن بىر نېمە دەۋېرەي دېسەم يەنە. ئۆزۈڭ كۆردۈڭ بەزىدە تازا چىقىشالماي قالىمىز. مەن سەل قوپاللراق ئادەم. ھە، نېمىسىنى ئېيتىسەن؟ دائىم ئۆلۈك بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەم بىر نېمە بىلىدۇ.

ساۋۇر مەزىن پازىلكام ئىككىمىزنىڭ پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىمىزنى كۆرسىلا ئەرۋاھى ئۇچاتتى. ئۇ شۇنداق ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ھامان يېنىمغا شىپىرلاپ مىگىپ يېتىپ كېلەتتى.

ــ نېمە دەيدۇ ئاۋۇ پادىچى؟ قۇلىقىڭغا كۇسۇرلاپ كەتتىغۇ.

ــ بىر دەردى باركەن.

ــ نېمە دەردى؟

ــ سىزنى تازا ياخشى كۆرمەيدىكەن، يامان گېپىڭىزنى قىلىپ...

ــ بىلىمەن. بۇ گۇي ئانچە ھۆرمەتلىمەيدۇ ئادەمنى.

ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم مەزىن دادا.

ــ يوشۇرما بىلىمەن. سەنمۇ ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ كەتمە! پادىنىڭ ئايغىدا چوڭ بولغان يېتىم ئوغلاق ئۇ. ئۇنى ئىككى پۇللۇق قىلىپ قويغان خوتۇنى. كېرەم ئاتۇشلۇقنىڭ قىزى ئەمەسمۇ. ماۋۇ ياغاچ قۇلاقتا ئاتۇشلۇقلار بېشى دەۋرەپ قېلىپ بېرىپ سالغان ئاۋۇ قىزىنى.

ساۋۇر مەزىن بىر نەچچە كۈن يوقاپ كەتتى.

ئۆيىدىن شەھەرگە تويغا كىرىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن. كىمنىڭ تويغا كەتكەنلىكىنى ئۆيدىكىلەرمۇ بىلمەيدىكەن. پازىلكام:

ــ مەزىن ئاخۇن كۆرۈنمەيدىغۇ؟ يارماق پۇل بولاپ قالدىمۇ نېمە؟ ئاشۇ قېرى بىزنى قوياپ كەتمەس ـ ھە؟ــ دەپ قوياتتى.

ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ بەزىدە چاقچاق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەي قالاتتىم.

ساۋۇر مەزىن شەھەردىن چىققان كۈنى مېنى ئاستا شەرەتلىدى. يېنىغا بېرىۋېدىم، ئۆياق، بۇياقا بويۇنداپ قارىۋېتىپ، پىچىرلىدى:

ــ ھېلىقىنىڭ پۇل بولۇپ قالدىغانلىقىنىڭ ئازراق يولى چىقىپ قېلىۋاتىدۇ. شەدە ئۆيدىكىلەرنىڭ بىر تۇغقىنى بار دېگىنە. ئاشۇنداق كونا نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىدىكەن قارا. تاپىلاپ چىقتىم، ئۆزى ئىشەنچلىك بالا، بىر يولى بولسا خەۋىرىنى بېرىدىغان بولدى.

ــ نېمىگە يوقاپ كەتتىكىن دېسەم، ئەسلى...

ــ ھە، ھەرقايسىڭنىڭ غېمىنى يەپ. ئاۋۇ كۇيۇگۇڭغۇ ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان قوشنا چىقىپ قالدى. بارمۇ ئۇ؟

ــ بار. سىزنى ئىزدەپ نەچچە كەلدى يېنىمغا.

ــ دەپ قوي. ئاغزىنغا چىڭ بولسۇن!

ــ چاتاق يوق، مەزىن دادا!

ــ ياخشىراق پۇل بولۇپ قالسا بولاتتى ـ دە بالام.

ــ شۇنى دەيمەن،ــ دېدىم خۇشال بولۇپ،ــ ئۆي سالىمەن دەپ تازا قىينىلىپ قېلىۋاتىمەن. ئازراق بولسىمۇ دال بولاتتى.

ــ شۇنداق بولماي، ئاۋۇ پادىچى نەدىن ئارا چىقىپ قالدى شۇ كۈنى.

ــ رىزقى غايىب.

ــ ئۇغۇ شۇ، يارماقنىڭ ئىشىنى ئايالىڭغا دېمىگەنسەن ھە؟

ــ ساراڭمۇ مەن!؟ خوتۇن دېگەنگە دەيدىغانمۇ گەپ بار، دېمەيدىغانمۇ گەپ بار.

ــ ئوغۇل بالا!... ئاڭا قارا بالام، ئەر دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. مۇشۇ كۈنلەردە نۇرغۇن ئەرلەر سىيگەن ـ چىشقىنىدىن تارتىپ ھەممىنى خوتۇنىغا دەيدىغان لامزەللەردىن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مۇنۇ مەھەللىدە ئاغزىڭغا سەللا دىققەت قىلمىساڭ، ئازراقلا گەپنى ئاڭلاپ قالدىمۇ، بولدى. ئەر ـ ئايالنىڭ ھەممىسى ھېكايە توقۇيدۇ. بورا توقۇغاندەك...

ــ بىزمۇ بوش ئادەم ئەمەس،ــ دېدىم ساۋۇر مەزىنگە ئۆزۈمنىڭ ساددا ئەمەسلىكىنى ئۆزۈمچە بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇپ، شۇنداق قىلسام يارماقنىڭ ئىشىدا ئالداپ كەتمەيدۇ دەپ ئويلىدىم.

ساۋۇر مەزىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ بىلىمىز سەمەتباي! ئەمما، بالام چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ ياقا يىرتما! تېخى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئېپى ـ جېپىنى بىلمەيدىغان ئوقەتتە دۇم چۈشتۈڭ. ئۆزۈڭچە توخۇ بېقىپ... ھە، بوش بولمىساڭ بۇ شورتاڭلىقتا نېمە دەپ كەلدىڭ؟ ئاتا ـ ئاناڭدىن قالغان جايدىن ئايرىلىپ...

ساۋۇر مەزىنىنىڭ گەپلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئۇجۇقۇپ كەتتىم. جامائەتنىڭ ئالدىدا تاتلىق گەپلىرى بىلەن ھەرقانداق ئىشلارنى گۈل ـ گۈلگە كەلتۈرۈپ يۈرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىل بارمۇ نېمە؟ بىر كوزا يارماق بىلەن بۇ ئادەممۇ زەھەردەك گەپ قىلىدىغان بولدا!؟ ھەي، ئادەم دېگەننىڭ بەزىدە مىجەزى ئۆزگىرىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ...

تۇرۇپلا يەنە ئوڭ كۆزۈم بىلەن سول كۆزۈم ئوخشىماي قالدى. سول كۆزۈمدە چاتاق يوق. ئەمما، ئوڭ كۆزۈمگە غۇۋا بىر نەرسە كۆرۈنەتتى. ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە بىر نېمە مېڭىپ كېلىپ، ئوڭ كۆزۈم تەرەپنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئارقامغا كېتەتتى. نېمىلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

تامچىلار ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ئۆي دېگەنمۇ بىر توقاي ھەشەم بىلەن پۈتىدىغان نېمىكەن. مۇشۇ كۈنلەردە بار ـ يوقنا يۈگۈرۈپ، ھاردۇق يەتكەن ئىدى. قولۇمدىكى پۇلنىڭ توپىسى ئاسمانغا سورۇلۇپ بولدى. يېتىشمىگەن يەرلىرىگە يەنىلا ئايالىمنىڭ تىقىشتۇرۇپ قويغان پۇللىرى ئەسقاتتى. بۇرۇن ئاتا ـ ئانامدىن قالغان تەييار ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھېچنېمىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. ئۆي سودىسىدا چوڭلارنىڭ: «داداڭدىن قالغان ئۆيمۇ ياكى ئۆزۈڭ سالغان؟» دەپ سورىشىدا گەپ باركەن. ئاخىرى ئۆيمۇ پۈتتى. قاراملىق

مېھماننىڭ تاغىسىغا ئۆيىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېڭى جايىمىغا كۆچۈپ كېلىۋالدىم. ئائىلەم بىلەن قىزلىرىم چوڭ يول ياقىسىدىكى باغۋارانلىق، ئۆزگىچە يۇراقلىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ كەلگەچكە، بۇ يېڭى قورۇ-جايغا مېھرى چۈشمىدى. بىر نەچچە كېچە ئۇخلىيالماي يىغلىغانمۇ بولدى. ماڭا يەنىلا قېيىدىشىپ قولىنى ئەگرى قىلمىدى. ئائىلەممۇ ئاچچىقىدا ئۆي پۈتكۈچە يېڭى جايغا دەسسەپمۇ قويمىغان ئىدى. ئەمما-زە، جاھان تۈزىتىدىغان ئايال يەنە باشقىچە بولىدىكەن. نېمە ئامال؟ ئاخىرى سەرەمجان جاھان تۈزىتىپ ئۆگەنگەن ئائىلەم كوتۇلداپ يۈرۈپ، ھويلا-ئارامنىڭ ئىشلىرىنى قولىغا ئالدى. بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى قىزىمنى كەينىگە سېلىپ، پۈت قويغۇدەك يەر قالمىغان قالايمىقان ھويلا-ئارامنى رەتلىدى. تاملارنى ئالا قويماي ئاقارتتى.

6

ھەر كۈنى ساۋۇر مەزىنىنىڭ ھويلىسىدىن تاش تۈلۈقنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېمىدېگەن يانچىپ تۆكمىگەن كۆپ قومۇش بۇ دەپ قالىمەن. ئۇنى ئاز دەپ باللىرىنىڭ DVD نى بار ئاۋازدا قويۇۋېلىپ بورا توقۇشلىرى قۇلاق-مېڭەمنى يەيتتى. ياللا! مەزىنىنىڭ ئۆيى بولمايلا قالسۇن... تۇرۇپلا ھويلىدا بىر ئىشلارنى قىلىۋېتىپ قايناپمۇ قالاتتىم. ئامال بار ئائىلەم بىلەن قىزلىرىمغا كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى چاندۇرمايتتىم. بولمىسا، پېشانەم ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كېتە...

ــ ۋاي-ۋۇي دادا، قانداق خەق بۇ؟

ــ ھە نېمە بولدى؟

ــ ئادەمنى ئارامدا قويمىغان.

ــ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا تىرىكچىلىك يولى بولىدۇ. ھە، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

ــ ھەرقانچە بولسىمۇ... سىزمۇ دادا...

ئەمما قوشنىمىزمۇ يېتىشكەن ئوخشايمەن. مۇنۇ پازىلكامنىمۇ دەيمەن-دە. ئۇ ئۆي پۈتكۈچە ماڭا ھېچقانداق بىر قىلىقلىرى بىلىنمىگەن. ئەمدى چىققىلى تۇردى. بىردە ئائىلىنى، بىردە كالا-قوي، توخۇ-تۇمانلىرىنى، بەزىدە ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپلا ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن ۋارقىراپ، ھويلىنى بېشىغا كىيەتتى.

ــ ھوي، جالاپنىڭ كالىسى، بىر يەردە بۇقا قاراپ تۇرغاندەك قاچىسەنغۇ، ئاناڭنى!...

ــ ھەي، قارا خوتۇن. نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ساغمامسەن ساغمىدىغىنىڭنى!

ــ ماۋۇ قانجۇق نېمە غىڭشىۋېرىدۇ. ھېلى بىكا!

بۇنداق چاغلاردا قىزلىرىمنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ ئۆلەتتىم. مەن قىزلىرىمدىن، قىزلىرىم مەندىن كۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى. ئاخىرىغا بېرىپ قىزلىرىم پازىلكامنىڭ ھويلىدا يۆتەلگىنىنى ئاڭلاپ بولغۇچە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۆيگە بەدەر قاچىدىغان بولدى.

چىدىغۇچىلىقىم قالمىدى. بىر كۈنى كوچىدا پازىلكامنى بىلەكتىنلا تۇتۇپ، چەتكە تارتتىم.

ــ ھوي، ھوي... نېمە بولدى؟

ــ ئاغزىڭغا ئىگە بول!

ــ نېمىگە؟ مەن ھېچكىمگە يارماقنىڭ گېپىنى تىنمىدىم جۇما. مېنىڭ ئېغىزىم ئاچقۇچى يىتكەن قۇلۇپنىڭ ئۆزى دېگىنە ئۇكا.

ــ مەن ئۇنىڭ گېپىنى قىلمىدىم. سەت تىللىرىڭنى دەۋاتىمەن. بىز قوشنا، خوتۇن-باللىرىمنىڭ ئالدىدا سەتكەن.

ــ ھە... ئانچە-مۇنچە...

ــ راۋۇرۇسلا!

ــ شۇ، بۇرۇن ئاسمىنى كەڭرى يەرلەر بولغاچقا ئۆگىنىپ قاپتىمەن. نېمىسىنى ئېيتىسەن؟ مېنى قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. سەن يېڭى كەلگەچكە بىر قىسىم ئاڭلانغان بىلەن تۆت-بەش كۈن ئۆتسە كۆنۈپ قالىسەن، -دېدى پازىلكام ھجاراپ، قايناشلىرىمنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويماي.

نېمە دەيمەن؟ كۆنۈپ قالدۇق. ھەممىدىن يامان يېرى يامغۇر-يېشىندا بىر-ئىككى كىلو پاتقاقنى سۆرەپلا يۈرىدىغان گەپ بولدى. بۇرۇن دەرۋازىدىن چىقساقلا قاراماي يولغا چىقاتتۇق-تە! ھەي...

بىر كۈنى كەچتە ئەمدىلا ئورۇنغا كىرىپ يېتىپ تۇراتتىم. ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىنى بىرى گۈپۈلدىتىپ ئۇردى. ئورنۇمدىن ئېرىنىپ تۇرۇپ، كىيىملىرىمنى كىيدىم.

ــ نەگە؟ ــ دېدى ئائىلەم ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ــ بىرى چاقىرىۋاتىدىغۇ.
ــ جۆيلۈۋاتمايدىغانسەن؟ مەن ئاڭلىمىدىمغۇ!؟
ــ ئارقا تامنى ئۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەھەللىدىكىلەر ئادەمنى مۇشۇنداق چاقىرىدىغان ئوخشايدۇ.
ــ بۇ كېچىدە كىم چاقىرىدۇ.
ــ ئىككى قوشنىنىڭ بىرىدۇ ھەقىچان.
ــ ئەرلەرمۇ؟ يا...
ــ بىللە چىقمامسەن، كۆڭلۈك تىنمىسا!
ــ ئىشقىلىپ دىققەت قىل. بىزنى تازا تەكشى ئەمەس بىر يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكەلدىڭ. ئارقا تامنى ئۇردى دەيسەن. مەن ھېچ بىر ئاڭلىمىدىم،ــ ئايالىم شۇنداق دەپ قويۇپ، يوتقانغا پۈركۈنۈپ قايتا ئۇيقۇغا تەگدى.

دەرۋازىنى ئېچىپ كوچىغا چىقتىم. بىزنىڭ بۇ كوچا مەھەللىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوچىسى ئىدى. كوچىنىڭ قارشى تەرىپى دۆڭلەر بىلەن يىراقتىكى قەبرىستانلىققا تۇتىشىپ كېتەتتى. دۆڭلەرنىڭ تۈۋىنى ئېتىزلىقلارغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان سازلىق ئىدى. كوچا قاپقاراڭغۇ. ئادەتتىمۇ بۇ كوچىنىڭ كېچىسى بەك سۈرلۈك بولاتتى. يىراقتىكى قومۇشلۇقلاردىن ساز بۇقىسى (كۆل بۇقىسى) نىڭ ئاۋازى كېلەتتى. ساۋۇر مەزىننىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك دېرىزىدىن سۇس يورۇقلۇق كوچا تەرەپكە چۈشۈپ تۇراتتى. «تېخىچە ئۇخلىماي نېمە قىلىۋاتقاندۇ بۇ مەزىن ئاخۇنۇم؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. ساۋۇر مەزىننىڭ دۆڭلۈك مەيداندىكى قومۇشلىرى سازلىق تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامالدا تىنىمسىز شىلدىرلاپ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى بىر ئەنسىزلىك ئىچىدە سىقاتتى. تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ئەتراپقا زەن سالدىم.
ــ كىم؟!

ئەتراپ جىمجىت. ئادەم باردەك قىلمايدۇ. تۇرۇپلا ئەت ـ يېنىم تىكەنلەشكەندەك بولدى. ئۆينىڭ ئارقىسىغا قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ قويىمەن. ئۆزۈمگە بىرى ئارقا تامنى ئۇرغاندەك بىلىنىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم. قايتىپ كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدىم. شۇ چاغدىلا قاراڭغۇلۇقتىن بىر ئاۋاز كەلدى. بۇ ئاۋاز باشتا ناھايىتى يىراقتىن كەلگەندەك ئاڭلاندى.
ــ مەن!
ــ ساۋۇر داداممۇ؟
ــ ياق!
ــ پازىلكام ئوخشىمامسەن؟ كېچىدە ئادەمنى ئۇخلاتماي نېمە تامنى ئۇرۇپ...
ــ ياق!
ــ ئەمىسە كىم سەن؟
ــ ھۆسىين دەڭجا.
ــ ھۆسىين دەڭجا؟!ــ دەپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. شۇ چاغدىلا ئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر قارا كۆلەڭگە كۆرۈندى. تۇيۇقسىز يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ، پېشانەمدىن مۇزدەك تەر پۇرقىراپ چىقىپ كەتتى. مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، «ھۆسىين دەڭجا» دېگەن بىرنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. بولمىسا، ھېزىم تۆگىنىڭ نورغۇن ھېكايىلىرىگە قۇلاق سېلىۋېدىم... بەلكىم بىر يەردىن ئېزىپ ـ تېزىپ كېلىپ قالغان مۇساپىر بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.
ــ كىمنى ئىزدەيسىز؟
ــ سەمەتباينى!
ــ مەندە نېمە ئىشىڭىز بار؟
ــ قايتۇرۇپ بېرىڭلار! ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار!
ــ نېمىنى؟
ــ بايلىقىمنى!
ــ بايلىق؟!... قا... قايسى بايلىقنى؟!
ــ دۆڭدىن چىققان.
ــ دۆڭ؟ بۇ يەردە دۆڭ دېگەن تولا.
ــ سەن ئۆي سالغان يەردىن چىققان كوزىلار.
ــ كوزا؟ قارا كوزا!؟
ــ دەل ئۆزى!


(داۋامى كېيىنكىساندا)

(ئاپتور توققۇزتارا ناھىيە تاشتۆپە يېزا تاشتۆپە كەنتىدە)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت



ئابدۇشۈكۈر كېرىم كۆك سىزغان




# قارا تۈندىكى چاقماق

## لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇدا

غالىب بارات ئەرك

تەھرىر ئىلاۋىسى: مەزكۇر ماقالە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەندىن كېيىن، مۇھەررىرلەر ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى، مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆرۈپ پىكىر بېرىشىگە سۇنۇلدى. كۆپچىلىك تەرىپىدىن «غالىب بارات ئەركنىڭ مەزكۇر ماقالىسى ئەتراپلىق ئىزدەنگەن، تەتقىق قىلىنغان، ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئىستاتا ئېلىنغان ئەسەر» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. لېكىن مەزكۇر ئەسەردە ئىنقىلابىي قۇربان، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدىكى مۇرەككەپ ھاياتى ۋە تۈرمىدە مەخپىي قەتل قىلىنىش جەريانى ھەققىدە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان پاكىت ۋە كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا چاقماق كەبى چاقناپ قارا تۈننى يورۇتقان ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر، ئۇ ئاران 23 يىللا ياشىغان بولسىمۇ، تەبىئىي تالانتى بىلەن كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى (شېئىر، دراما، فېليەتون...) خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىگە ئائىت ماقالىلىرى، سىزغان رەسىملىرى ۋە ئوپېرالاردىكى رول ئېلىش سەنئىتى تېخى تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ،



### تارىختىن سۆز

ئىجادىي ئەمگەكلىرى خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىم يەنى 1980 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا دەرسلىك كىتابتىكى «ياشلىق ئۆگەن»، «يىللارغا جاۋاب»، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق تونۇشقان ئىدىم. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامىلىدا بارلىققا كەلگەن بۇ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن چاقناپ تۇرغان ئىدىيە، جەڭگىۋارلىق مېنى تولىمۇ جەلپ قىلغان ئىدى. دېھقان ئائىلىسىدە چوڭ بولغان مەندەك سەھرا بالىسى ئۆتمۈش، كونا جەمئىيەت توغرىسىدا خەۋەرسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، خىيالى دۇنيانى رېئاللىق ئورنىغا قويۇپ كەلمەكتە ئىدىم. 1983 ـ يىلى

مەرھۇم ئابدۇللا تالىپ يازغان بىيوگرافىك رومان «قاينام ئۆركىشى» نى ئوقۇتقۇچى تاغامدىن ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇپ، ئۆتمۈش تارىخىمىز توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىپ رېئاللىققا يۈزلەنگەن ئىدىم. مانا شۇندىن بېرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەلب تۆرۈمدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ ئۇنىڭ ھايات كەچمىشلىرىنى چۈشۈنۈشكە تىرىشماقتىمەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەتلەر خېلى كۆپ بولدى. قازاقىستاندا گ. ئاۋۇتوۋا خانىمنىڭ «لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىجتىمائىي مىراسى» تېمىدا دوكتور نامزاتى دىسسېرتاتسىيەسىنى ياقلىغانلىقى مەلۇم. ئېلىمىزدىن تۇرسۇن ئەرشىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتقىنىغا ئوتتۇز يىل بولدى ھەمدە «لوتۇن»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ»، «تەڭرىتاغ دىيارىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى»، «ل.مۇتەللىپ» دېگەنگە ئوخشاش سەككىز ـ توققۇز كىتابىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى. مۆمىن مۇھەممىدى يازغان «شاۋقۇن» (رومان)، ژۇرنالىست ئەيسا يۈسۈپ يازغان «ئاقسۇدا 1945 ـ يىل» (تارىخىي قىسسە) قاتارلىق كىتابلارمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئاتالغان. قازاقىستانلىق ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئەدىب خىزمەت ئابدۇللىن يازغان «لۇتپۇللا» ناملىق دىرامىسى سەھنىلەردە ئوينالغان. ئېلىمىزدە يەنە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» نامىدا فىلىم ئىشلەنگىنلىكى توغرىلىق ئۇچۇرلار بار. رايونىمىزدا ئۇنىڭغا ئاتالغان ناخشا ـ قوشاقلارمۇ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى ۋاپاتىدىن كېيىن توپلام قىلىنىپ ئېلىمىز ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئۆزبېك، رۇس تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ ئىجادىيەتلىرى بىلەن، ش ئۇ ئا ر دا تۈزۈلگەن ئەدەبىيات تارىخلىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى ھەمدە ئۇنىڭغا «1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ۋەكىللىرىدىن بىرى» [1]، دەپ باھا بېرىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، 1956 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى رەئىس ماۋزېدوڭ ئىمزا قويغان (شىنجاڭ 2 ـ نومۇرلۇق) «ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلگەن شەرەپنامە» بېرىلگەن. «ئىنقىلابىي كۈرەشتە شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان» [2]. لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىلىق خېلى كۆپ ئەسەرلەر يېزىلغان بولسىمۇ، تۇرسۇن ئەرشىدىن ئەپەندىنىڭ كىتابلىرىدىن باشقىلىرى ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەر بولدى. تۇرسۇن ئەرشىدىنىڭ كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاياتىنى ناھايىتى تەپسىلىي يورۇتۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىمىز. مۇندىن ئون يىللار ئىلگىرى ئەلىمىزنىڭ چاۋشىڭ رەقەملىك كۇتۇپخانىسى (超星数字图书馆) دا مۇشتەرىلەرنىڭ كۆرۈشىگە قويۇلغان، ئاقسۇ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئارخىبلىرىدىن 1957 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تەرجىمە قىلىنغان بىر خەنزۇچە قوليازما ماتېرىيالنى كۆرۈپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىشلاردا بولدۇم. بۇ ماتېرىيالنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەكشۈرۈشلەر ھەمدە گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىدىن قالغان ئارخىبلار ئاساسىدا يېزىلغانلىقىدا شۈبھە يوق. مانا، ئىنقىلابىي شائىرنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 66 يىل، مۇشۇ مەنبە قوليازمىنىڭ ھازىرلانغىنىغىمۇ 54 يىل بوپتۇ. «دۇنيادا ئېچىلمايدىغان سىر يوق» دەيدۇ دانالار. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قەلب تۆرۈمدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە يىلىنى يۇقىرىقى ئىشەنچلىك يازما ئاساسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى بۇرچ دەپ قارىدىم.

ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقانلىقتىن، ئاقسۇدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» شۆبىسىگە باش مۇھەررىر ياردەمچىسى دېگەن نامدا سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ ۋاقىت قانخور جاللاد شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە ساداقەت بىلدۈرگەن ۋاقىت ئىدى. 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جياڭ جېشىنىڭ خانىمى سۇڭ مېيلىڭ ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جوڭشىنلار بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، شېڭ

شىمالىي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەلتۈكۈس ئۈزدى. شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى ۋە قوغۇلنى ساقلاۋاتقان قىزىل 8-پولكنى شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. ئەسلىدە ئۆزىنى كوممۇنىزمچى دەپ ئىقابلاپ كەلگەن شېڭ شىسەي سوۋېت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەندىن كېيىن، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، گەرچە شېڭ شىسەي داۋاملىق مىلىتارىستلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە بولسىمۇ، گومىنداڭنىڭ جيۇچۈەندە تۇرۇشلۇق 19-گورۇپپىۋوي ئارمىيەسىنىڭ قوغۇلغا كىرىشى بىلەن بۇنداق ئىمكانىيەتلەردىن مەھرۇم قالدى. 1943-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قايتىدىن رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شائىر ئىمىشېھىت يازغاندەك، ھەر بىر كىشىنى سەككىز-ئوندىن ئىشپىيون ماراقلايدىغان، ئىشپىيونلار ھەتتا دىلىڭىزدىكىنىمۇ يازالايدىغان [3] دەرىجىگە يەتكەن، ھەممە يەرنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا يېڭىدىن كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان شائىر، پائالىيەتچان ياش لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ ئاقسۇغا ئامدا خىزمىتى يۆتكەلگەن، ئەمەلىيەتتە پالانغان. ئۇ كېچىككەندىمۇ 1943-يىلى 11-ئايدا ئاقسۇغا يېتىپ بېرىپ ئىشقا چۈشكەن، بۇنى ئۇنىڭ شۇ يىلى 11-ئايدا ئاقسۇدا يازغان «ھەسەن-ھۈسەن» دېگەن شېئىرى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ كۈچى ئاشقان، ئۇلار ھەر قايسى ئىدارە-جەمئىيەت ۋە يېزا قىشلاقلارغىچە گومىنداڭ پىرقىسىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىشپىيونلۇق تورىنى يايماقتا ئىدى. ئىدارە-جەمئىيەتلەردىكى ماركسىزىمغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى يىغىۋېلىش بىلەن بىرگە، «كوممۇنىزم دىنىنىڭ دۈشمىنى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى تارقىتىپ، مۇسۇلمان ئاممىسى بىلەن كوممۇنىستىك ئاڭ ئارىسىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچقان ئىدى. گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشپىيون-جاسۇسلىرىنى تۆت-بەش ھەسسە

كۆپەيتىپ، چوڭراق ناھىيەلەردە بەشيۈزدىن، كىچىكرەك ناھىيەلەردە ئۈچيۈزدىن ئاشۇرۇۋەتكەن. مەكتەپلەردىكى سوۋېتتا بېسىلغان دەرسلىكلەرنى ئىشلىتىشنى چەكلەش بىلەن بىرگە ئىلغار پىكىرلىك ياشلار ۋە سودىگەرلەرنى تۇتۇش، قاماشنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى، شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى چىققانلاردىن ئاقسۇدا يۈسۈپجان توختى ھاشىموف، تەۋەككۇل يۈسۈپ، ھەسەنوف، ھامۇتقارى، مەتىمىنجان؛ تۆمۈر ئۇچاق ياسايدىغان يۈسۈپجان، تىككۈچى سادىق ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ تۇتۇلغانلىقى ناھايىتى مۇھىم پاكىتلاردۇر. تۇتۇلغانلارنىڭ كۆپى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتقان، بەزىلىرى سوۋېتقا سودا ئىشلىرى بىلەن چىقىپ قايتقانلار ئىدى. يەنە سوۋېت بىلەن سودا ئالاقىسى بار سادىق ھاجى، ئۈچتۇرپانلىق مەتىلى، تۇراخۇن خەلپەت، ئىبراھىم سەلىمجان (قىرغىز)، ئۇندىن باشقا سوۋېتتىن كەلگەن ئىمىن روزىيۇق، ئابدۇللا قاتارلىقلارمۇ تۇتۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەمەت سادىق ھاجى، تومۇر ئۇچاق ياسايدىغان يۈسۈپجان، توختى ھاشىموف، ھامۇتقارى، مەتىمىنجانلاردىن باشقىلىرى 1945-يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

مەن كۆرگەن يۇقىرىقى يازما مەنبەدە 1943-يىلى 6-ئايدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇدىكى گېزىتخانىغا باش مۇھەررىر ياردەمچىسى (تۇرسۇن ئەرشىدىن ياردەمچى مۇھەررىرلىك، دەپ يازغان) خىزمىتىگە ئەۋەتىلگەن، دېيىلگەن. شائىر ئەرمىيا ئېلىنىڭ 1970-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى يازغان «مەن ئەرمىيانىڭ تەرجىمىھالى» دا يېزىلىشىچە، 1942-يىلى 5-ئايدا ئاقسۇ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى تۇرسۇن ياسىننى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېتىپ، بۇ گېزىتخانىدا ئۆزى يالغۇز قالغان. «1943-يىلى 9-ئايلاردا ئۈرۈمچىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تۇرسۇن ياسىننىڭ ئورنىغا تەھرىر قىلىپ ئەۋەتتى. 1945-يىلى 3-ئايغىچە لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرگە ئىشلىدۇق» [4]. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا 1943-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرى ياكى 10-ئاينىڭ باشلىرىدا يېتىپ بېرىپ خىزمەتكە چۈشكەن بولسا كېرەك. ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا كەلگۈچە بولغان يولدا جاي ناملىرى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆگەنگەن ھەمدە

سەپەر ھاسىلاتلىرىدىن «يۇلغۇنلۇقتا» ناملىق ھېكايىسىنى يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۇ ئاقسۇدا خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن «ئاقسۇ گېزىتى» دە «جەنۇب شاملى» ناملىق بەتنى تەسىس قىلىپ، ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، گېزىتنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن. «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» قاتارلىق ئىنقىلابىي ئەسەرلىرىدىن بىر قىسمىنى شۇ بەتتە ئېلان قىلغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىجادىيەتچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەم يېتەكلەش جەھەتتىن خېلى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ قالماستىن، سانايى نەپىس ئىشلىرىغىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»... قاتارلىق ئوپېرا - درامىلارنى سەھنىلەشتۈرگەن ۋە رېژىسسور، دېكراتسىيە ئىشلىگۈچى، رول ئالغۇچى بولغان. «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسى ئاقسۇ ۋە ئونسۇ سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينالغان، ئۆزى يەنە غېرىبنىڭ رولىنى ئالغان. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، زىيالىيلار ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈشى ساقچى ئىدارىسىنىڭ نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىگە سەۋەب بولغان. ئەمەلىيەتتە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا يۆتكەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى ساقچى تارماقلىرى ئۇ توغرىسىدا توپلىغان نۇرغۇن ماتېرىياللىرىنى ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىگە يوللىغان بولغاچقا، ئىزچىل نازارەت قىلىپ كېلىنگەنىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيەت، ئىش - پائالىيەتلىرىگە بولغان نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسى نازارەتچىلەرنى كۆپەيتكەن، كۆپەيتىلگەنلەر ئىچىدە ئاقسۇ گېزىتخانىسىدىن x (ئۇنىڭ شۇ تارىخىي شارائىتتا قانداق سەۋەب بىلەن ساقچىلارغا مەلۇمات يوللىغانلىقى بىزگە قاراڭغۇ، شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ نام




شەرىپىنى تىلغا ئېلىشنى لايىق كۆرمىدۇق)، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن كەلپىنلىك ئىمىن نىياز، گېزىتخانىدىن يەنە يۈسۈپ قارى بار بولۇپ، يۈسۈپ قارىدىن باشقىلار كۆز - قۇلاق بولۇپ مەلۇمات يوللاپ تۇرغان. يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە كۇچارلىق ئابلىمىت بۇرۇن دائىملا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئارقىسىدىن پايلىغان. ئاياللارنىڭ ئىچىدىن مەسۇمبەگنىڭ خوتۇنى (لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىگىسى) مەرىخان، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ خوتۇنى سوفىيە بايىزلار ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ، دائىم ساقچى ئىدارىسىگە ماتېرىيال يوللاپ تۇرغان. X نىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەخپىي نامى «ئەپەندى»، ئىمىن نىيازنىڭ بولسا «تېلىگرامما» ئىدى. يۈسۈپ قارى ماتېرىيال يوللىمىغانلىقتىن كېيىن قولغا ئېلىنغان ھەمدە لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلگەن. دارىلمۇئەللىمىننىڭ 24 - سىنىپىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرگە ئوقۇغان، كېيىن ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلىگەن ئىمىن ئاقۇپنىڭ ئەسلىشىچە، شۇ چاغدا گېزىتخانىدا «ئەپەندى»، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا «كاڭجيەن» (ياسىن ئەزىز)، جەمئىيەتتە «گاڭبى» (ھېكىم نۇر) قاتارلىقلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسى ئەۋەتكەن «لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئايرىم دېلوسى» غا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان [5]. ئېھتىمال ھاجەتكى، تۇرسۇن ئەرشىدىن ئەپەندىنىڭ سوفىيە بايىز ۋە باشقىلاردىن ئىگىلىشىچە، ئۇلار توي قىلىپ «ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي سوفىيە ساقچى باشلىقى مېڭ دوگچاۋ تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ تېرگاۋ قىلىنىدى. بۇ ئىش لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. چۈنكى دەل ئەنە شۇ چاغلاردا گومىنداڭ ساقچى رازۋېدچىكلىرىنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۈستىدىكى نازارىتى كۈچەيتىلگەنىدى.

سوفىيه ساقچى باشلىقىدىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق ھەم دەھشەتلىك كىشىنىڭ تەھدىتى، ئالداپ ئازدۇرۇشلىرىدىن تولىمۇ يۈرەكزادە بولىدى. ئۇنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇستىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ۋە بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ، يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى [6]. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن توي قىلغاندا سوفىيه بايىز ئاران ئون ئالتە ياشتا بولۇپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەھدىت ۋە بېسىمى ئاستىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇمات يوللىغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن سوفىيه بايىزنىڭ تويى ئەرمىيا ئەلىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئۆيغۇر ئويۇشمىنىڭ باشلىقى قادىر ۋاڭ، سوفىيه بايىزغا ئەرمىيا ئەلى ئاتا بولغان، بۇ تويمۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ سۇيىقەستلىرى (ئۇنى كېچە كۈندۈز نازارەت قىلىشنى پىلانلىغان بولۇشى مۇمكىن) سىڭگەن ھالدا بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن سوفىيه بايىزنىڭ تويىنىڭ ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلىگەن ئىمىن ئاقۇپنىڭ ئەسلىشى بويىچە ئالغاندا، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتى ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىدىن ئۈلكىلىك ساقچى ئىدارىسىگە يوللىنىپ تۇرغان، ئۆلكىلىك ساقچى «ئىدارىسىدىن سىلەر پەقەت كۈندۈزدىكى ئىش ھەرىكىتىنىلا نازارەت قىلىپسىلەر، ئۇنىڭ كېچىدە نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر، شۇڭا كېچىسىمۇ نازارەت قىلىڭلار» دېگەن يوليورۇقنى ئاساسەن ئاقسۇ قىزلار پېداگوگىكا مەكتىپىدىن سوفىيه بايىزنى نامزاتلىققا تاللىغان. سوفىيه بايىز شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن بايىز تۇردىنىڭ قىزى بولۇپ، ھېكىم نۇر تونۇشتۇرغۇچى بولۇش بىلەن بىرگە لۇتپۇللانى كۆپ قېتىم توي قىلىشقا دەۋەت قىلغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ توي قىلغۇدەك پۇلى يوقلۇقىنى ئېيتسا، ھېكىم نۇر ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىپ، پۇل ئېلىپ كېلىپ تويۇڭغا ياردەمم دەپ بەرگەن [7]. ئومۇمەن ئالغاندا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ سوفىيه بايىز بىلەن توي قىلغاندىن باشلاپ كېچە ـ كۈندۈز ئىدارە، تالا ـ تۈز ۋە ئۆيىدە نازارەت قىلىنىپ تۇرغان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدىكى ماتېرىيال بىۋاسىتە گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە بۆلۈم باشلىقىغا يوللىنىپ تۇرغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ خوتۇنى سوفىيه بايىز بىۋاسىتە ساقچى باشلىقى مېڭ دوگچياۋغا يەتكۈزگەن ۋە بىۋاسىتە ئۇنىڭدىن كۆرسەتمە ئالغان، گاۋ فۇتوڭ تەرجىمانلىق قىلغان. ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم تۇتۇپ ھەپتە قامىغاندىن كېيىن قويۇۋەتكەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىنى سەھنىلەشتۈرگەندىن كېيىن كەڭ ئاۋامنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن، شۇڭا كۇچار قاتارلىق ناھىيەلەرگە بېرىپ قويماقچى بولغان، غېرىبنىڭ رولىنى ئالغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ناھىيەلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇش پۇرسىتىدە قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ساقچى ئىدارىسى، گېزىتخانىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش دېگەننى باھانە قىلىپ ناھىيەلەرگە بېرىشىغا يول قويمىغان، كېيىن ئۇنى ساقچى ئىدارىسى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەنجى لېيتېنانت (شاۋۋېي) دەرىجىلىك مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن ۋە ساقچى فورمىسى بەرگەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قانداقلارچە ساقچى ئىدارىسى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالغانلىقى توغرىلىق ئىمىن ئاقۇپ ئەسلەپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مېڭ دوگچاۋنىڭ خەنزۇلار مۇھىتىدىن ئېلىنغان بىر ئوززۇن ھېكايىنى سۆزلەپ دەرھال ھەپتە ئىچىدە سەھنە ئەسىرى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇغانلىقى (نەق مەيداندا پىچانلىق ئىمىن ئاقۇپ، تۇرپانلىق مۇھەممەد ئەرشىدىن، قەشقەرلىك قاسىم ۋە تەرجىمان زۇنۇن قاتارلىقلار بار)، ئۇنىڭ ئەتىسى يۇقىرىقى ھېكايىنى «نۇرلۇق يولغا قەدەم» دېگەن تېمىدا سەھنە ئەسىرى قىلىپ يېزىپ كەلگەنلىكى، مېڭ دوگچاۋنىڭ مەمنۇن بولغانلىقى، ئۇندىن كېيىن ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ «لۇتپۇللا مۇتەللىپ سەككىز يىللىق قاماققا ئېلىنسۇن» دېگەن بۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ، ئەگەر ساقچى ئىدارەسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە يېتەكچىلىك قىلسا قاماققا ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرگەن[8]. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مېڭ دوگچياۋ ئۆز ئېغىزى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ناھىيەلەرگە ئويۇن قويغىلى بېرىشتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى ئېيتقان. زومېڭ (زۇنۇن) ۋە دوڭ گۇاڭكەيلەرنىڭ ئېيتىشىچە،

ئۇ ساقچى ئىدارىسىدە بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسى بېرىلگەن بولسىمۇ، بۆلۈمگە بېرىپ ئىشلىشكە يول قويۇلمىغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ناھىيەلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇشىغا يول قويۇلمىغان، لېكىن ساقچىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەزىپىسىگە قويۇپ، ئەتراپىغا جاسۇسلانى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماتېرىيال توپلىغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاتالمىش ئارتىسلار جاسۇس بولۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىشىپ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ زىيادە نازارەت قىلىپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئارتىس نامىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاسۇسلاردىن بەزىلىرى ھەتتا ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇتتۇشقا يەنى مۇھەببەتلىشىشكە ئۇرۇنغان، دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق ئېتىپ يېيىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغان، لېكىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇلارغا نورمال مۇئامىلە قىلىپ تاپتىن چىقىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان. كېيىن ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭ زىناخورلۇق ياكى تاپتىن چىققان ئىشلىرىنىڭ بار يوقلۇقىنى مەخسۇس تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ناشايان قىلمىشى بايقالمىغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇ ھەقتە ماتېرىيال يىغقان ئارتىس خوتۇن ـ قىزلاردىن خەرنىسا (ئېردېشىك)، زوردەم (سۈزۈپبېي)، زۆھرە (زولىجەن)، خەيرىنىسا (خەيلىشىك)، ھاۋاخان، ئايشەم، دۆۋلەتخان، ئايتۇرسۇن، گۈلسۇم، روزىخان قاتارلىقلار بار. ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ روھىيىتىگە قاتتىق زەربە بەرگەنلىكتىن، بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ رېپېتىتسىيە ئىشلىرىغا كۆپ قاتناشمىغان، ئىككى يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەن، بەزىدە مۆيدىن جۇجاڭ دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ساز چالغان.

1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېراسىنى رېپېتىتسىيە قىلىشقا باشلىغان، 11 ـ ئايدا بىر تەرەپتىن رېپېتىتسىيە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېكراتسىيەسىنى سىزغان. بۇ ئوپېرا 12 ـ ئايدا سەھنىدە ئوينالغان، لۇتپۇللا مۇتەللىپ تاھىرنىڭ رولىنى ئالغان. درامىنىڭ تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولغانلىقتىن ئاۋات ۋە ئۇچتۇرپان ناھىيەلىرىگىمۇ بېرىپ ئورۇنلانغان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆنسېرى ئېغىرلاشقان زۇلۇمىنى ئاغدۇرۇپ خەلقنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دوستلىرى بىلەن «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» دېگەن تەشكىلاتنى قۇرغان. مۇنىردىن خوجا تەشكىلاتنىڭ باشلىقى بولغان، بۇ ۋاقىتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە بولغانلىقتىن سىرتتىن ياردەم قىلغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ 5 ـ پولكتىكى ئودىلكوم (ئوتدىلىنىيە كوماندىرى، بەنجاڭ) ئوسمانجان (ۋۇجەنگوڭ) قاتارلىق بەزى ئىلغار پىكىرلىك ياشلارنى تەشكىلاتقا تارتقان. ئوسمانجان لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۆز ـ ئارا دوستلاشقان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇنىڭغا ئۆزلىرى قۇرغان گومىنداڭغا قارشى تەشكىلاتقا قاتنىشىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئەمما ئىلتىماس يېزىپ ئىمزا قويۇشنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارمىيە ئىچىدە ئەزا كۆپەيتىشكە ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كېيىن ئۇ پولكنىڭ ئات دوختۇرى مۇسا ئەلىنى تونۇشتۇرغان. مۇسا ئەلى (قازاق) تەشكىلاتقا كىرىپ ئۇزۇن بولماي قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئوسمانجان ئۆز ئوتدىلىنىيەسى بىلەن مۇزداۋاندا تۇرۇۋاتقان بولۇپ يەنە خاچېك (ئودىلكوم) ئوتدىلىنىيەسى قاتارلىق ئالتە ئوتدىلىنىيە مۇزداۋاندا تۇراتتى، ئوسمانجان خاچېكقا كۆپچىلىك بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەكلىپىنى بېرىپ، سىزنىڭ بىر ئوتدىلىنىيە، مېنىڭ بىر ئوتدىلىنىيە كىشىلىرىم بار، بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرەيلى، دەيدۇ، لېكىن خاچېك رەت قىلىدۇ. مىللىي ئارمىيە مۇز داۋانغا يېقىنلاشقاندا، ئۇلار ئاقسۇغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ئوسمانجان يەنە خاچېكقا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ رەت قىلغان. ئۇلار يەنە مۇز داۋانغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ يولدا كېتىۋېتىپ، ئوسمانجان بىر ئەسكەرنى مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەۋەتكەن، بۇ ئەسكەرنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ باي ناھىيەسىدە قارىبەگ دېگەن باۋجاڭ تۇتۇۋېلىپ گومىنداڭ ئارمىيەسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. گومىنداڭ

ئارمىيەسىنىڭ باشلىقى جاۋ خەنچىڭ ئۇنى سوراق قىلغاندا، ئۇ قورقماستىن «ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ كاللاڭنى ئالغىلى ماڭغان، هازىر سەن مېنى تۇتۇۋالدىڭ، قانداق قىلساڭ شۇنداق قىل» دېگەن. بۇ ۋەقەلەر 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بولغان. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مىللىي ئارمىيە مۇز داۋانغا كەلگەندە ئوسمانجان ئوتتىلىنىيەسىنى باشلاپ مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن.

«ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» پىلان، نىشانى بولغان تەشكىلات بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، خەلقنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى، شۇنداقلا پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئۇلار ئىنقىلابىي ئىدىيەگە ئىگە ياشلارنى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلغان، بۇلاردىن يۈسۈپجان، تەۋەككۇل، يۈسۈپجان ئابدۇكېرىم، ئارىپوف قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. يۈسۈپجان باي ناھىيە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئۇيۇشمىدىكى ھامۇت ئەزىزنى، ھامۇت ئەزىز ھاكىم ھېكىم نۇرنى قوبۇل قىلغان. ھامۇت ئەزىز ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا باشلىق ۋاقتىدا ھاكىم ھېكىم نۇر ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئىدى. ھاكىم بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن ساقچى 2 ـ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خا يىۋېنغا مەلۇمات يوللىغان. «مەن ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىندىم، مەن سىلەرنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيمەن، مەن ھاكىم بولغاندىن كېيىن ھېچقانداق نەتىجە ياراتمىدىم، ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن ماتېرىيال توپلاپ سەمىمىيىتىمنى بىلدۈرسەم»، دەپ دوكلات يازغان. كېيىن بۆلۈم باشلىقى خا يىۋېن ئۇيغۇرچە بىر پارچە خەت يېزىپ، ياسىن ئەزىزدىن ئەۋەتىپ بەرگەن. خەتتە «سىز ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىغا كىرسىڭىز بولىدۇ، دائىم بىزگە ماتېرىيال يوللاپ تۇرۇڭ، قانچىلىك پۇل لازىم بولسا بېرىمىز»، دېيىلگەن ئىدى. ياسىن ئەزىز خەتنى ھاكىمنىڭ ئۆيىگە ئەلىپ بارغاندا، ھاكىم ئابدۇللا داۋۇت، مامۇت ئەزىز، يۈسۈپجان قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ شاراب ئىچىۋاتقان ئىكەن. ياسىن ئەزىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، يۈسۈپجان يالغاندىن مەست بولۇۋېلىپ كارىۋاتتا ياتقان ئىكەن. ياسىن ئەزىز ھاكىم قويۇپ بەرگەن بىر رومكا ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، يېنىپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ھاكىممۇ چىقىپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئۇ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ ياسىن ئەزىزگە «ماڭا پۇل لازىم ئەمەس، مەندە پۇل بار، پەقەت خىزمەت قىلدىم، ئازراق كۈچ چىقاردىم، بۇندىن كېيىن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرايلى، بۇندىن كېيىن سىز بىر ئادەملا كېلىڭ، باشقىلار كەلمىسۇن، بولمىسا باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىمىز»، دېگەن. شۇندىن كېيىن ھېكىم نۇر دائىم ماتېرىيال يوللاپ تۇرغان، ئۇ يوللىغان مەلۇماتلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

1) تەشكىلات قۇرۇش توغرىلىق مۇزاكىرىنىڭ مەزمۇنى.

2) تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلىدىغان ۋاقتى ۋە ئورنى (قىزىل كۆۋرۈكنىڭ سىرتىدىكى ئورمانلىق).

3) تەشكىلاتنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئەھۋالى، تەشكىلاتنىڭ نامى ۋە تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى، جۈملىدىن تەشكىلاتنىڭ «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» ئىكەنلىكى، مۇنىرىدىن خوجىنىڭ سېكرېتار، ئاباسوف يۈسۈپجاننىڭ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، كەسىف ئىۋان (رۇس) نىڭ كاتىپ، ئۆزىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، ئوسمان مۇھەممەد تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، ئابدۇللا داۋۇتنىڭ تارىخ تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكى، بۇ تەشكىلاتقا سىياسىي جەھەتتىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، يەنە ئابدۇللا روزىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان.

4) يەنە مۇشۇ تەشكىلاتتىكى 5 ـ پولكنىڭ ئات دوختۇرى مۇسا ئەلىنىڭ ئەھۋالى.

5) تەشكىلاتنىڭ مۇددىئاسى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزا كۆپەيتمەكچى بولغانلىقى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىلى ئىنقىلابىغا ياردەم قىلىپ، ئاقسۇنى ئازاد قىلىش قاتارلىق سىياسىي ئەھۋاللار.

6) 15 كۈن ئۆتكەندە ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇمات يوللاپ، ئۇلارنىڭ گۇمانلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى سەۋەب قىلىپ، 11 ~ 12 ياشلاردىكى سىڭلىسى پاتەمنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ماتېرىيال يوللىغان. كېيىن بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغانلىقى، 1 ـ قېتىم يىغىن ئاچقانلىقى، تەشكىلاتنىڭ پىلانى، يىغىندا بۆلۈم باشلىقلىرىدىن باشقا مال دوختۇرخانىسىنىڭ ئادىمى ئەلى ئاخۇن، يۈسۈپ

قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى دوكلات قىلغان. ھاكىم ئۈچتۇرپانغا بېرىپ ئابدۇكېرىم ئايۇپوف، تەۋەككۇل يۇسۇپ قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلغان، قادىر ئېلى (ئەرمىيا ئېلىنىڭ ئىنىسى) نى تېپىپ خىزمەت پىلانىغا ئىمزا قويدۇرغان.

«ياش ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ باشتىكى ئەزالىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، (سىپىت) ئابباسوف، يۇسۇپجان، ئابدۇللا داۋۇت، ھۈسەينوف، ئوسمانجان مۇھەممەت، ئەلى ئاخۇن (مال دوختۇرى)، مۇسا ئەلى (مال دوختۇرى)، ئابدۇللا روزى، تەۋەككۇل يۇسۇپوف، ئابدۇكېرىم ئايۇپوف، ئىۋان، قادىر ئەلى، ئىبراھىم ئىدرىس، ئابدۇرەھىم مۇھەممەت، بىلال ئەزىزى، جالالىددىن ئاخۇن، مەۋلانجان تۇردى، رەھمەت يۇسۇپ، ئوسمان قاسىم، ئوسمان يۇسۇپ.

## ياش ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى ئەزالارنىڭ قولغا ئېلىنىشى

«ياش ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» ئەزالىرىنى بەلگە قىلغان ھالدا ئىنقىلابىي ياشلار بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلۈپ قولغا ئېلىنغان. ئەڭ ئالدى بىلەن مۇسا ئەلى، 2 ـ قېتىمدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، 3 ـ قېتىمدا بىلال ئەزىزى، 4 ـ قېتىمدا مۇنىردىن خوجا، 5 ـ قېتىمدا باشقا ئەزالار قولغا ئېلىنغان. «ياش ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدا، مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولۇۋالغان ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ قورچاق ھاكىمى ھېكىم نۇر ئالاھىدە «چوڭ خىزمەتلەرنى» ئىشلىگەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تەشكىلاتنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرىنى تەمىنلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى قولغا ئالدىغان پەيتنىمۇ بېكىتىپ مەلۇم قىلغان. يۇقىرىقى تۆھپىلىرى ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ سوم مۇكاپات ئالغان. ھېكىم نۇر ئۆزىنىڭ خائىنلىقىنىڭ خەلق تەرىپىدىن سېزىپ قېلىنىشىدىن قورقۇپ ئۆزىنىمۇ قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئەۋزەل شارائىتلىق تۈرمىدە بىر ئاي ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يېتىپ، ئۆزىنى نىقابلاپ، تارىخنىڭ سورىقىدىن قاچماق بولغان بولسىمۇ، «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» بولغانلىقتىن تارىخنىڭ سورىقىدىن قۇتۇلالمىغان ۋە ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. يۇقىرىقى ماتېرىيالدا «ياش ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» ئەزالىرىنىڭ قولغا ئېلىنىش ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنغان.

ياش ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ بىر يېرىم ئاي بولغاندا 5 ـ پولكنىڭ مال دوختۇرى مۇسا ئەلى قولغا ئېلىنغان. 7 ـ ئايدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ قولغا ئېلىنغان. 3 ـ قېتىمدا ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى بىلال ئەزىزى ساقچى ئىدارىسىدە بىر قانچە كۈن نازارەت قىلىنغاندىن كېيىن رەسمىي قولغا ئېلىنغان. بىلال ئەزىزنىڭ قولغا ئەلىنغاندىكى ئەھۋال مۇنداق: ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۇ ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ خادىمى ئۆمەر بىلال ئەزىزگە «ئىككىمىز ئىلگىرى ساۋاقداش ئىدۇق، شۇڭا بۇرۇندىنلا تونۇشىمىز، ئىلگىرى ھەممىمىز ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىدۇق، ھازىر نۇرغۇنلىغان يولداشلىرىمىز قولغا ئەلىندى. بىز دائىم لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئىنقىلاب مەسىلىلىرىنى سۆزلىشەتتۇق، ھازىر ئۇ قولغا ئېلىندى، سەنمۇ ئويغۇنىشىڭ كېرەك، بۇ ژۇرناللارنى كۆپرەك كۆر»، دەپ 4 ـ 5 پارچە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنى بەرگەن، ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا ژۇرناللارنى ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بىر پارچە ماتېرىيال يېزىپ ئىلگىرى خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتسا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇنى قولغا ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىلال ئەزىزى ماتېرىيال يېزىپ ژۇرناللار بىلەن بىرگە ئاقسۇ ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئاقسۇ ساقچى ۋىلايەتلىك ئىدارىسىگە يۆتكەپ ئاپىرىپ نازارەت قىلىپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىن قولغا ئالغان.

8 ـ ئايدىكى بىر يەكشەنبە كۈنى ھېكىم نۇر ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ ئۇلارنى تۇتىدىغان ۋاقىتنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتقان، شۇندىن كېيىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كوناشەھەر ناھىيەسىگە چىقىپ ئىنقىلابىي ياشلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلغان. ھېكىم نۇر نۇرغۇن ئادەمنى ئاشكارىلىغان. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىنىنى ئەۋەتىپ ياردەملەشتۇرگەن. ھېكىم نۇر ئۇلارغا «سىلەر ماڭغاندا مەندىن يىراقراق يۈرۈڭلەر، ئاگلاشلارغا قارىغاندا مۇنىردىن خوجا ساتىراشخانىدا چاچ ياستۇۋېتىپتۇ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، ئەگەر ئۆيدە بولمىسا قاۋاس ساتىراشخانىسىغا بېرىپ قاراپ باقايلى، سىلەر ئاۋۋال بېرىپ ساتىراشخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن سىلەر ئەگىشىپ كىرىڭلار، ئاۋۋال ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ خىزمەت پىلانىنى قولغا

چۈشۈرۈڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام»، دېگەن. يۇقىرىقى گەپلەرنى ئېيتىپ بولۇپ ھېكىم نۇر ئاۋۋال مۇنىرىدىن خوجىنىڭ ئۆيىگە، ئۇندىن كېيىن قاۋاس ساتىراشخانىسىغا بارغان. ساتىراشخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن قول ئاستىدىكىلەرگە «مەن ئۇنى چىقىلى قويماي تۇتۇپ تۇرىمەن، سىلەر مۇنىرىدىن خوجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاختۇرۇڭلار، ئەگەر خىزمەت پىلانىنى تاپالىساڭلار دەرھال ئېلىۋېلىڭلار، ئۇندىن كېيىن ئامال قىلىپ ئۇنى تۇتىمىز». ھېكىم نۇر يۇقىرىقى ئىشلارنى تاپلاپ بولغاندىن كېيىن ساتىراشخانىغا كىرىپ كەتكەن. ساقچى ئىدارىسىدىكى زۇنۇن (زومېك)، ياسىن، نىيازۇق، ھىمىتلار مۇنىرىدىن خوجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان ئاچقۇچى بىلەن ئۇنىڭ قۇلۇپىنى ئاچماقچى بولغان، لېكىن ئېچىلمىغانلىقتىن كالتەك تېپىپ كېلىپ قايرىپ ئاچقان. ئۇلار مۇنىرىدىن خوجىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ خىزمەت پىلانىنى تېپىپ چىقىپ تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن زۇنۇنغا بەرگەن. ئۇلار يەنە بېرىپ مۇنىرىدىن خوجىنى قولغا ئالغان ۋە ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئۇنى سوراق قىلغان. سوراقتا «سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭنى بىلدۇق، سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارنىڭ خىزمەت پىلانىغىمۇ ئېرىشتۇق، تەشكىلاتىڭلارنىڭ ئەھۋالى يېزىپ چىق»، دەپ ئۇنىڭغا بىر ۋاراق قەغەز بەرگەن. مۇنىرىدىن خوجا ھېچنەرسىنى يوشۇرۇپ قالماستىن يېزىپ چىققان، شۇندىن كېيىن ئۇ قاماققا ئېلىنغان. مۇنىرىدىن خوجا قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن ساقچى ئىدارىسى قالغان ياشلارنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئادىم تۇتۇشقا بارغانلار — ياسىن ئەزىز، شىن باۋشەن، مىجىت، لىن يۈشەن، ياڭ شۈنخەيلەر دەرھال قوراللىنىپ بېرىپ ئۇلارنى تۇتقان. ياسىن ۋە شىن باۋشەنلەر يۈسۈپجان، ئابدۇللا داۋۇت، ئوسمان مۇھەممەد، ئېلاخۇن دوختۇر، ئابدۇللا روزى قاتارلىقلارنى تۇتقان. يەنە بىر توپ كوناشەھەر ناھىيەسىگە ئەۋەتىلىپ ئابدۇللا ئارىپۇق، تەۋەككۈل يۈسۈپۇق، ئىبراھىم ئىدرىس، ئابدۇرەھىم ئەھمەد قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ قارا ماشىنا بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ قامىغان. ھېكىم نۇر ئەينى چاغدا ساقچى باشلىقىغا «مېنىمۇ قاماڭلار، بولمىسا ئۇلار مەندىن گۇمانلىنىدۇ ۋە سالاھىيىتىم ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، جاسۇس دېگەن قالپاقنى

كەيگۈم يوق»، دېگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىمۇ تۈرمىگە ئېلىپ كىرىلىپ ياسىداق ئۆيگە قامىغان ۋە خوتۇنىنىمۇ ئېلىپ كىرگەن، سىرتتا بولسا ئۇنىمۇ قولغا ئاپتۇ دېگەن گەپ تارقالغان، ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتى ياخشى شارائىتتىن بەھرىمەن بولغان ھەمدە يىگىرمە مىڭ سوم مۇكاپات ئالغان. 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مىللىي ئارمىيە ئاقسۇدىن چېكىنگەندىن كېيىن «تۈرمىدىن چىققان»، ئۇنىڭغا كەنجى لېيتېنانت (شاۋۋېي) ئۇنۋانى بېرىلىپ ساقچى ئىدارىسى 2 - بۆلۈمدە خىزمەت قىلغان.

«ياش ئۇچقۇنلار ئىتتاقى» تەشكىلاتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىنقىلابىي ياشلارنى تۇتقۇن قىلىش 1945 - يىلى 5 - ئايدا باشلىنىپ 8 - ئايدا تاماملانغان، ئۇلار تۈرمىگە ئاپىرىلغاندا ھەممىسىگە ئىشكەل سېلىنغان، پەقەت لۇتپۇللا مۇتەللىپكىلا كىشەن سېلىنمىغان، ياشلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغىمۇ كىشەن سېلىنغان. ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ ھەممىسى بىر كامېرغا سولانغان، لېكىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۈچ كىشى بار ئايرىم كامېرغا سولانغان، لېكىن ئۇ ئۈچ كىشى ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىنىڭ ئادىمى ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ نېمە كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۈرمىدە دائىم گومىندىپايلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماستىن «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» ئوپېرالىرىدىكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ناخشىلارنى ئېيتقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تۈرمىدىمۇ خېلى كۆپ ئەسەرلەر يازغان. ئىنقىلابىي ياشلار يىراق - يىراق كامېرلارغا قامالغان بولغاچقا ئۆزئارا خەۋەر ئېلىشالمايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنقىلابىي ھېكايىلەر تارقىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھېكايىلەردە جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، پەسكەشلىكلەر قامچىلىنىپ سوتسىيالىزم تەشۋىق قىلىنغان. ئابدۇللا روزى، بىلال ئەزىزى، يۈسۈپجانلارمۇ دائىم ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئېيتقان. ئۇلارنى ھەر كۈنى شامالداشقا ئېلىپ چىققاندىمۇ ئۆزئارا كۆرۈشۈشكە يول قويۇلمايتتى، ئۇلارنى سىرتقا ئېلىپ چىققاندا بېشىغا خالتا كىيگۈزۈلەتتى. كېيىن ئۇلار پات - پات سوراق قىلىنغان. ئۇلارنى سوراق قىلغان سوراقچىلار: ۋۇ شاۋبىن، خا يۈۋېن، ھەسەنبېك، ما باۋيىڭ، لى چېڭگۇي، ئاۋۇت، ۋاڭ زىجاڭ.

ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

«ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرىنى

يادرو قىلغان ھالدا ئىنقىلابىي ياشلار ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. دانالار «يىلان ئۆلىدىغاندا بەك چاقىدۇ» دېگىنىدەك، مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان گومىنداڭچىلار خەلق ئوغلانلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىغان. مەن پايدىلانغان يۇقىرىقى مەنبەدە 1 ـ قېتىم مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغاننىڭ ئەتىسى گۈگۈمدا، يەنى 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئۈزلىرى تۇتۇپ قامىغان ئىنقىلابىي ياشلاردىن بىر قىسمىنى ئۆلتۈرگەن.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گۈگۈمدە ۋۇ شاۋبىن، ۋاڭ زىجاڭ، دۇ كاڭكەي، خايۇۋېن، زۇنۇن (زومېڭ)، ياسىن روزى، ۋۇ جىڭشەن، شىن باۋشەن، نىياز، لى خېفېڭ، ياڭ شۈنپېي، ما دېفۇ، جاڭ جاۋجى، لىن شاۋشەن، ياۋ شىخەن، شاۋ چېڭياۋ، لۇ چاڭگو، شى يۈسەي، لى چېڭگۈي، ما باۋيىڭ ۋە 2 ـ بۆلۈمنىڭ خېلى كۆپ ئادەملىرى ئىنقىلابىي ياشلارنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان. ئۇلار تۈرمىگە كەلگەندىن كېيىن تۈرمە باشلىقى گۇەن ۋېيلۇ، ئابدۇللا سادىقلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن. ئۇلار كىرگەندىن كېيىن ۋۇ شاۋبىن قولىغا بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ «يۇقىرىدىن تېلېگرامما كەلدى» دېگەن. ئۇ ئۈستەلنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان، سول يېنىدا خا يۇۋېن، ئۇنىڭ يېنىدا دوڭ گۇاڭكەي، ئوڭ يېنىدا زۇنۇن (زومېڭ)، ۋاڭ زىجاڭ قاتارلىقلار، سىرتتا يەنە نۇرغۇن ئادەم ئولتۇرغان. شۇ ۋاقىتتا ۋۇ شاۋبىن تۈرمە باشلىقى گۇەن ۋېيلۇ، ئابدۇللا سادىقلاردىن «ئازگاللار كولىنىپ بولدىمۇ؟»، دەپ سورىغان. تۈرمە باشلىقى كولىنىپ بولغانلىقىنى دوكلات قىلغان. شۇنداق قىلىپ ھەممە ھازىرلىق پۈتكەندىن كېيىن، لى شيۈپىڭ، ياڭ سۈيپېي، (يەنە بىرەيلەننىڭ ئىسمى تۇتۇق بولغاچقا ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى) قاتارلىقلار تۈرمە باشلىقىغا ياردەملىشىپ ئادەملەرنى باغلىغان. ۋۇ شاۋبىن تىزىملىككە قاراپ ئىسمىنى ئوقۇشقا باشلىغان. ئىسمىلىك بويىچە تۇنجى قېتىم يۈسۈپجان باغلىنىپ ۋۇ شاۋبىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن، ۋۇ شاۋبىن «بۈگۈن ساڭا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىمىز»، دەپ جاكارلىغان، زۇنۇن تەرجىمە قىلغان. ۋاڭ زىجاڭ پاختا ياكى رەخت تىقىپ ئېغىزىغا كەپلەپ قويۇشنى ئېيتقاندىن كېيىن، پاختا تىقىپ كېلىپ ئېغىزىغا تىقماقچى بولغاندا، يۈسۈپجان تىققىلى قويمىغان، ساقچىلار باش كۆزلىرىگە مۇشتلاپ پاختىنى ئېغىزىغا كەپلىگەن، شۇندىن كېيىن ۋۇ شاۋبىن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى غالچىلار ئۇنى جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. جاللاتلار يۈسۈپجاننى ئازگالنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ پىچاق بىلەن ئۆلتۈرگەن. شۇندىن كېيىن ئارىپۇف، قادىر ئەلى، يۈسۈپجان، ئوسمانجان مۇھەممەد، ئوسمان ھاسىم، ھۈسەنجان ھاپىز داموللا، ئابدۇللا روزى، مۇسا ئەلى، ئېلاخۇن، ئابدۇللا داۋۇت، مۇنىردىن خوجا، ھەسەنوف، ئىبراھىم ئوبۇل، جالالىددىن ئاخۇن قاتارلىقلار بىردىن ـ بىردىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ۋاقىت دەل مىللىي ئارمىيە ئاقسۇنى قورشىۋالغان 2 ـ كۈنى ئىدى، ئۇلار ئازگالنىڭ ئەتراپىغا چىراغ ياققان ئىدى، سىرتتا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بەزىدە ئوق باشتىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى، ئورۇش ناھايىتى كەسكىن بولىۋاتاتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق قىرغىنچىلىقى ھەققىدە مۇندىن ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزىلەرنى بەلگە قىلغان ھالدا 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بولغان، دەپ قارىلىدۇ. بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق ماتېرىياللاردا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان قاراشتىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ قىسمەن ماتېرىياللاردا بەزى پەرقلەر بار، مەسىلەن: شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دە 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋەقەلەردە 7 ـ كۈنى ئاتلىق پارتىزانلارنىڭ ئاقسۇنى قورشىۋالغانلىقى، ئەتىسى ھۇجۇم باشلىغانلىقى، ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ھەمدە لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق 28 ياشنى ئۆلتۈرگەنلىكى يېزىلغان [9]. بۇ ماتېرىيال شەكسىزكى تۇنجى تۈركۈمدە قىرغىن قىلىنغان ياشلارنى كۆرسەتكەن. ئەمما قولۇمدىكى ماتېرىيالدا لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرنىڭ 8 ـ سېنتەبىر ئەمەس، 18 ـ سېنتەبىرمۇ ئەمەس، 21 ـ سېنتەبىر گۈگۈمدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى يېزىلغان. ئەمدى 18 ـ سېنتەبىر كۈنى دېگەن قاراشنىڭ مەنبەئىنى سېلىشتۇرۇپ، قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش مۇشۇ ھەقتە ماتېرىيالى بار قېرىنداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر، ئەلۋەتتە.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گۈگۈمدە جاۋ خەنچىڭ

ساقچى ئىدارىسىگە كەلگەن، كېيىن ۋۇ شاۋبىن، نىياز، لى زېمىڭ، ياڭ شۈنپېي، جاۋ چېڭدې قاتارلىقلارنى باشلاپ كەلگەن. شۇندىن كېيىن زۇنۇن، ياسىن ئەزىز، خايۇۋېن قاتارلىق 2 ـ بۆلۈمدىكى نۇرغۇن ئادەملەر كەلگەن. ۋۇ شاۋبىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۆرسىتىپ قاماللاپ كەلگەنلەرگە چىڭ تۇتۇشنى جېكىلىگەن ھەمدە ئۇنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېلىپ چىقىلىشى بىلەن ئابدۇللا سادىق ئۇنى تانا بىلەن باغلىغان، ئۇندىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئېلىپ چىقىپ ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يۈكۈنۈشكە بۇيرۇغان، بۇ ۋاقىتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ چىرايى سارغايغان، چاچلىرىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى، بۇ ۋاقىتتا زۇنۇن (زومېڭ) ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان بولۇپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇنىڭ كۆزىگە مىقتەك قادىلىپ قارىغان. بۇ ۋاقىتتا باشقىلار بىلال ئەزىزنى ئېلىپ كېلىشكە كېتىشكەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ زۇنۇندىن «مېنى ئېلىپ چىقىپ نېمە قىلىدۇ؟»، دەپ سورىغان. ئۇ، «مەنمۇ ئۇقمايمەن، سېنى قويۇپ بېرەمدىكىن»، دېگەن، ئەمما لۇتپۇللا مۇتەللىپ بېشىنى چايقىغان. بۇ ۋاقىتتا بىلال ئەزىزى ئېلىپ چىقىلغان، ئارقىدىن ئىۋان، ئاببا قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغان. بىر دەمدىن كېيىن جاۋ خەنچىڭ چىقىپ ئۇلارغا «بۈگۈن سىلەر ئۆلتۈرۈلىسىلەر» دېگەن ھەمدە ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن قولىنى شىلتىغان. نىياز ئۇلارنى تىللىغانلىقتىن مىلتىقنىڭ پەينىكى بىلەن ئۇرۇلغان. بۇ ۋاقىتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئارقىسىغا قاراپ سەل ئاستا ماڭغان، نىيازنى مىلتىق پەينىكى بىلەن ئۇرغانلار تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، ئۇلارنى رەت بولۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغان. بۇ ۋاقىتتا جاۋ خەنچىڭ مۇئاۋىنى لى چاڭچىڭگە ئېتىش بۇيرۇقىنى بەرگەن. لى چاڭچىڭ يان قورالىنى چىقىرىپ بىر ـ بىرلەپ ئاتقان. بۇ ۋاقىتتا ۋۇ شاۋبىننىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىككى رۇس ياشنى ئاتقان، بىراق ھېچكىم ئۇ ئىككى ياشنى ئېتىپ ئۆلتۈرەلمىگەن ئىدى، ئۇلار جاللاتلار تەرەپكە كەلگەندە لى چاڭچىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. كېيىن جاۋ خەنچىڭ بۇيرۇق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى سېپىل سىرتىغا تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇق قىلىپ قايتىپ كەتكەن. ئابدۇللا سادىق ۋە گۇەن ۋېيلۇلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى سېپىلنىڭ سىرتىغا تاشلىۋەتكەن. پەقەت بىلال ئەزىزنىڭ ئوق تەگمەي ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ياتقانلىقىنى بايقىغان گۇەن ۋېيلۇ كەتمەن بىلەن چاناپ ئۆلتۈرگەن. شۇ ۋاقىتتىكى تۈرمىدە ئوتدىلىنىيە باشلىقى بولغان غېنى مەھمۇدنىڭ ئېيتىشىچە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېراسىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتقان. كېيىن ئۇنى ئاشخانىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ تىزلاندۇرۇپ، جاۋ خەنچىڭ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ۋاقىتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ: «قانداق قىلغۇڭ كەلسە شۇنداق قىل، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆلسىمۇ، مېنىڭ يەنە ئەسەرلىرىم بار، ئادەم ئۆلسىمۇ ئۇنىڭ نامى ئۆچمەيدۇ»، دېگەن. ئۇ يەنە كۆككە قاراپ: «قۇياش، سەن پۈتكۈل ئالەمگە نۇرۇڭنى چاچساڭمۇ مېنى يورۇتمىدىڭ، سەن مېنىڭ ئۆلگەنلىكىمگە ئىسپات بولغىن، مەن ئۆلسەممۇ مېنىڭ روھىم ئۆلمەيدۇ» دېگەن، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى ئېتىش بۇيرۇقى بېرىلگەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاشخانىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ تىزلاندۇرۇلغاندا، يېنىدىكىلەر باشقىلارنى ئەكەلگىلى كەتكەندە، زۇنۇنغا قاراپ غەزەپ بىلەن: «سەنلەر ساتقىنلار، سىلەر پەقەت مۇشۇنداقلا قىلالايسىلەر، ئۇندىن باشقا نېمە قىلالايتتىڭلار» دېگەن. باشقىلار ئېلىپ كېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى جاكارلانغاندىن كېيىن، ئەلى مەھمۇدنىڭ ئېغىز ئىقرارى ئوقۇلغان بولۇپ، خاچېك ۋە ئەلى مەھمۇدلارمۇ ئاڭلىغان. خاچېك بۇ ھۆججەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر ئېتىلغاندا، خاچېك بىلەن جاۋ خەنچىڭ سېپىل ئۈستىگە كۆرۈپ تۇرغان.

مەرھۇم ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە، **1945** ـ يىلىدىكى سېنتەبىر ئايلىرىدا ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئىنقىلابىي ياشلاردىن ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشى قەتل قىلىنغان، بۇلار «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرىلا بولۇپ قالماستىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان ياشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسلىمىلەردە يېزىلىشىچە، ئۇچتۇرپان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ يۇشۈن باشچىلىقىدىكى گومىنداڭچىلار ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدىن تۇراپ قارى، ئىبراھىم مۆمىن، ئۆمەر قاسىم، سىيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئابدۇللا ياقۇپ، ئابلا ئىبراھىم قاتارلىق **16** ياشنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي

ئارمىيەسى ئىلگىرى كېيىن باي، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەلىرىنى ئازاد قىلغان، كېيىن قولدىن بېرىپ يەنە قايتىدىن ئىگىلىگەن ئىدى. ئۈرۈمچى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغانلىقتىن، يۇقىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى ئالغان مىللىي ئارمىيە 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مۇزات ئارقىلىق ئىلىغا قايتىپ كەتكەن. مىللىي ئارمىيەنىڭ قايتىپ كېتىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقتىن قىساس ئېلىشى، بۇلاڭچىلىق قىلىپ بايلىق توپلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ، يەنە بىر تۈركۈم گۇناھسىز ئاممىنىڭ قىرغىن قىلىنىشى، مۈلكىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشىغا پۇرسەت بەرگەن.

مىللىي ئارمىيە ئاقسۇدىن چېكىنگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيەسى ئاقسۇ ۋە كوناشەھەردىكى ئۆيىدە مىللىي ئارمىيە تۇرغان، ئۇلارغا ياردەملەشكەن كىشىلەرنى تۇتۇپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ ئۆيۋاقىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. شۇ قېتىم گومىنداڭ ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ساراي ئاچقان سەلەي ئاخۇن، مەھمۇد ھاجى ئوغلى ئابدۇقادىرخان قاتارلىقلار ئېتىلغان، كونا شەھەردە خېلىل قاتارلىقلارنى تۇتقان. نۇرغۇن كىشىلەرنى مىللىي ئارمىيەگە ياردەم قىلغان دەپ چارۋىلىرىنى مۇسادىرە قىلغان. مەسىلەن: موللا توختى بەگنىڭ بارلىق مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان، مۆيدىن ئاقساقال، سالى ئاخۇن، كوناشەھەردىكى ھېكىم ئاخۇن، يۇنۇس بەگ، سايىت قارىھاجى، ئابلىز جۇرۇن، كېرىم خۇيجاڭ، تۇردى شاگزوگلارنىڭ بارلىق مۈلكى ۋە چارۋىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ ئۆزلىرىنى قولغا ئالغان ۋە كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. قاراشەھەردىن توشۇپ كېلىنگەن بەش يۈز دەندىن ئارتۇق بۇغدايىنى مىللىي ئارمىيە ئىستېمال قىلىۋەتكەن دەپ، ئاقسۇدىن باشقا يەرگە يۆتكەپ ئاپىرىپ، جاۋ خەنچىڭ ۋە ۋۇ شاۋبىنلار سېتىۋەتكەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاسمىنىدا چاقناپ ئۆتكەن يورۇق يۇلتۇز ئىدى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ «گومىنداڭچى» دېگەندەك ناملاردا قارىلانغان ئىدى. يېقىنقى يىللاردا بەزى ۋاقىتەككۈرۈپىلىرىمىز ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا تىزلىنىپ نىجادلىق تىلىگەنلىكىنى، ئەخلاقىي جەھەتتىن تاپتىن چىققان، شاللاق ياش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقانلىرىدا يۈرىكىم ئېچىشىپ، كۆڭلۈل خاتىرەمگە گۇمان چۈشكەن ئىدى. يۇقىرىقى مەنبە ماتېرىيالنى كۆرگەندىن كېيىن ئەمدىلا يىگىرمە ياشلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەبئىي تالانتى، ئىنسانىي خىسلىتى، جەسۇرلۇقى قەلب كۆكىمدە پارلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي خىسلىتى، ئەخلاقىي پەزىلىتى، ئەدەبىي تالانتى، ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن قابىللىقى بىلەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىدۇر.

ئىزاھاتلار:

[1] ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى (3)» مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 414 ـ بەت.
[2] ،[6] تۇرسۇن ئەرشىدىن «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ بەت.
[3] ئەرشىدىن تاتلىق نەشرگە تەييارلىغان «ئىمىشېھىت ئەسەرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 56 ـ بەت.
[4] باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش «باي تارىخ ماتېرىياللىرى (1)» 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 312 ـ بەت.
[5] ،[7] ،[8] ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر «مەن بىلىدىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ» «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2006 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 1 ـ سان.
[9] شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 140 ـ بەت.

(ئاپتور چاقىلىق ناھىيە تېلېگراف چەكلىك شىركىتىدە)

(تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى ئىمىن ئەھمىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر: شاكىرجان ئېلاجى



# ياخشى يولدا ياخشىلار

مۇھەممەتجان راشىدىن

ياخشى، يامان ئارىلاش كەلگەن مەخلۇقتۇر ئادەم،
بۇ تەقدىرگە ھەيران بولۇپ كەلمەكتە ئالەم.
يارالماقنىڭ سەۋەب ـ ۋەجى تەڭرىگە تالىق،
شۇ گەپلەردىن خالىي ئەمەس مېنىڭمۇ خانەم.
ياخشىلارنىڭ تەسۋىرى تەس كەلدى شائىرغا،
تۈگەتكۈچە تولدى قانچە دەپتەر ـ رىسالەم.
يامان دېگەن قاباھەتكە ھامىلدار كېلۇر،
ياخشىلاردىن خۇشلۇقۇم كۆپ، ياماندىن نالەم.

1

ئەسلى ئىنسان بارچىدىن ئالەمنى ئۈز كۆرگۈچىدۇر،
بارچە دۇچ كەلگەن مۇشەققەتكە يەنە كۆنگۈچىدۇر.
ياخشىلار ئاندىن تولا، بەھرى گويا ياز يامغۇرى،
تۆرۈلۈپ ئۇشبۇ ئانا تۇپراقنى چىن سۆيگۈچىدۇر.
يەر ـ زېمىن ئىشقى بىلەن بەلكىم، يارالغاندۇر ئۇلار،
سۇ ئىچىپ، يەر تەرگىلى ئاۋال بېلەك تۈرگۈچىدۇر.
بولدى گۈلزار شۇ سەۋەب مەڭگۈ زېمىن سۇلمايدىغان،
ياخشىلارنىڭ ھىممىتى چۆللەرنى كۈلدۈرگۈچىدۇر.
بۇ جاھان ئاۋاتلىقىغا نە كېرەك تەردىن بۆلەك،
يەرگە تەر تۆكمەكنى ئىنسان ئەتىۋا بىلگۈچىدۇر.
قەد كۆتەرگەن قايدا ئادەم ئەجرىسىز قايناق شەھەر؟
ئۇچقىلى يىللارغا ئات سۈرئەتتە مىندۈرگۈچىدۇر.
ياخشىلاردىن بۇ تىرىكلىككە قالار ئىزلار تولا،
گۈلگە پەرۋىشكار ئەبەت، تىكەننى كۆيدۈرگۈچىدۇر.
ئاپىرىن ئاقىللىرىغا، تۈننى كۈندۈز ئەيلىگەن،
تىلسىماتلاردىن جاۋاھىر ھەر كۈنى سۈزگۈچىدۇر،
يالتىرار رۇخسارىدىن ھەر كۈن پەزىلەت نۇرلىرى،
چۈنكى، ئۇ دائىم قۇياشنىڭ كەينىدە يۈرگۈچىدۇر،

شېئىرلار

ئەھلى ۋىجدانلار ھالاللىقنى ئۇلۇغ بىلگۈچى ھەم،
ھەرقاچان ھەق سوتىدا قىلنى قىرىق بۆلگۈچىدۇر.
قەلبىگە سالساڭ قولۇڭنى، ئەڭ ئاۋۋال ۋىجدان چىقار،
چىقسا مەلئۇنلار ئەگەر، ئۇ ئۆلتۈرۈپ كۆمگۈچىدۇر.
ئۆزگىلەرگە ئۆزىدىن ئاتمايدۇ شۇملۇق چالمىسى،
گاھ ئىدىرلارغا قاقاس گۈللەرنى ئۈندۈرگۈچىدۇر.

2

ئەھلى ئىنسان گاھ يامانلىق چۆلىدە يۈرگۈچىدۇر،
تەمتىرەپ، ئۆز ـ ئۆزىنى شەيتانغا سۆيدۈرگۈچىدۇر.
ياخشى يولدا ياخشىلار، ئەمما، يامانلار پەيلى شۇ:
بىر ـ بىرىنى قەستلىشىپ، خالىدا ئۆلتۈرگۈچىدۇر.
ئوتقا تىقماقتىمۇ بار، تۆھمەت ئوچاقىغا سېلىپ،
سەن تېخى ئۆلمەي تۇرۇپ، دوزاختا كۆيدۈرگۈچىدۇر.
سالغىنى سالغان ئۇنىڭ قوي قوۋمىنىڭ رىزقىغا كۆز،
ھەر كېچە ـ كۈندۈز ھاراملىقتىن خىيال سۈرگۈچىدۇر.
بىرلىرىگە تەگسە بەگلىك تەگرىنى ئۇنتار تامام،
خالىسا دەريا ياساپ، ئەل قېنىدا ئۈزگۈچىدۇر.
يادىغا ئالمايدۇ ۋىجداننى ئەزەلدىن بىرلىرى،
قايدا كۆرسە، ئۇ ھەقىقەتنى تىرىك كۆمگۈچىدۇر.
بىرلىرى نەپسى ئۇچۇن قۇتراپ يۈرۈپ ئۆمرى ئۆتەر،
نەپسى تىزگىنسىز كىشى قۇتراپ يۈرۈپ ئۆلگۈچىدۇر.
بۇ جاھاندا قوۋمى ھورۇن بارچە بەدبەختتىن بەتتەر،
بولمىسا تەييار تائام، جاندىن ئۈمىد ئۈزگۈچىدۇر.
بىرلىرى كەلمەكتە ئۇرغاننى كۆرەلمەي، قان قۇسۇپ،
سۇدا ئۈزسەڭ غاقىراپ، كېمەڭنى كۆمتۈرگۈچىدۇر.
يۈرىكى تەپمەس ئۆزىدىن ئۆزگىلەرگە سۆيگۈدە،
شاش ئېتىڭنى ئۈركۈتۈپ، چۆلۋۈرنى ئۈزدۈرگۈچىدۇر.
بىرلىرىنىڭ ئاغزى دوست، يالغان ساڭا ئاغرىنغىنى،
دوستلىرىڭنى يىغلىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرگۈچىدۇر.
«بىر قېرىن ماي بۇلغىنار، بىر تال مايىقىنىڭ دەستىدىن»
گاھ بولۇپ بىر تال سەرەڭگە، يۇرتنى كۆيدۈرگۈچىدۇر.

ئىككى تاغنى جەڭگە سالغان بار زۇغۇيلار ئاغزى ھەم،
ئەلدە جاڭجال باش كۆتۈرسە، ئۇ ھۇزۇر سۈزگۈچىدۇر،
قايدا بولسا بىر يامان، «ئۇر ـ ئۇر» دا قالماق تەقدىرى،
بولمىسا ھېزى، قىرىڭدا شۇمبۇيا ئۈنگۈسىدۇر.

3

ئەسلا ئەگەشمە مېنى، مەندىن تەكەببۇرلۇق يوقال،
نەپسى شەيتان تۇتسا مەي، شۇئان تەسەددۇتلۇق يوقال.
يۈرمىسۇن ئاداپ ئىچىمك، تەلەي بىلەن توي قىلسا ئەل،
يوق ساڭا چۆرەمدە جاي، مەڭگۈ ھەسەتخورلۇق يوقال.
كۆكتىكى قۇش جان ئۈزەردە، ئاخىرى يەر ئەسقاتار،
چاقما تۇز بەرگەن قازاننى، شۇڭا، تۇزكورلۇق يوقال.
بولماقتا قۇل نەپسىڭگە كۆڭلۈم، جان ئۈچۈن جۇتلۇق يامان،
نە قىلۇر جۇتلۇقتا قۇت، نەپسىگە مەھكۇملۇق يوقال.
بەيگىدىن كەلسەڭمۇ تۇلپار، قۇيرۇقىڭ دىڭگايمىسۇن،
بولمىسۇن روھىم جامائەت، مەڭگۈ مەغرۇرلۇق يوقال.
ئۆزلىرىگە بىرلىرى يۈرمەكتە مەشھۇرلۇق ياساپ،
ئەلدە يوق، ئۇنۋاندا بار، ئۇ ساختا مەشھۇرلۇق يوقال.
كۈندە بىر سۈرەتكە چۈشتى بىرلىرى شاھ بولمىدى،
گاھ دىلىمدا قۇترىغان شۆھرەتكە مەپتۇنلۇق يوقال.
ئەيش ـ ئىشرەتسىز كۆڭۈلنىڭ بەختى ھۆرمەت بېغىدا،
بارچىدىن ئاۋال كۆزۈمدىن، بولدى بەس، شوخلۇق يوقال،
خوپ كېلىپ، خوپ كەتكۈلۈك دۇنيا سايابەتكارلىرى،
مېنى يوللاردىن تىنچ ئازدۇرما، مەجنۇنلۇق يوقال.
كەتتى ۋاقتىم، ئۆچتى، ئۆلمىدى يا مەيپۇرۇش،
ئىزدىمە شائىرنى كۈندە، ئەمدى مەيخورلۇق يوقال.

4

ئايرىدى قىلمىشلىرىڭ پۇخرانى ناندىن، قويمىچى،
بەزىلەر ئايرىلغىلى تاس قالدى جاندىن، قويمىچى.
قانچىلارنى قاخشىتىپ، قىلدىڭ بىساتتىن قاقسەنەم،
قالدىغۇ دېھقانغا دەرد، تەپكەن خاماندىن، قويمىچى؟!
كەتسە كەتتىكى ئېشىپ، دوختۇر ـ تېۋىپ كار قىلمىدى،
سەن ئۆزۈڭ سالغان ئازاب، چاقاان چاياندىن قويمىچى.
ئاغزى ياغلىق تۈلكىمۇ ئالدىڭدا شاگىرت بولغۇدەك،
كەلگىنىڭنى تۇيمىدۇق، ھەتتا قاياندىن، قويمىچى.
تۆكتى تىللا دەپتىمىز يالغانلىرىڭنى بايقىماي،
ئايرىماي باقتۇق تېخى تاتلىق تائامدىن، قويمىچى.
ئايغىڭ تەگكەن شەھەر، سەھرادا كۆن ئۆتمەس تىنچ،
يوق ئىكەن ئىككىنچىسى سەندەك ياماندىن، قويمىچى!
بىر كېلىپ كەتسەڭ، قالار كەينىڭدە غەۋغا بىر چىكىچ،
بىز چىكىچنى يەشكۈچە، ئاشتىڭ داۋاندىن، قويمىچى.
مۇددىئا، شەپەڭنى ئەسلا سەزمىدۇق ئىش پۈتكىچە،
ئوڭدا قاپتۇق سەن كىرىپ بەرگەن سالامدىن، قويمىچى.
باشقا قويساق نەقەدەر يۇمشاق؟ دېگۈزدى ۋاي دەيۈز،
كەلگىنىڭ ياستۇق ياساپ، قاتتىق ساماندىن، قويمىچى.
بۇرنىمىزدىن قانچە رەت قويدەك ئىلىندۇقتۇ ساڭا،
مېنى مالدىن ئايرىدىڭ، توخۇنى داندىن، قويمىچى.
ئەتە بەرمەك بولغىنىڭغا پۇلنى ئۈچ ياز ئۆتتىغۇ،
قانچە ئاڭلارمەن يەنە دەشنام دادامدىن، قويمىچى؟!
تۈلكە تۇغقانمۇ سېنى، قوينۇڭدا قىلتاق ھەرقاچان،
ئەنسىرەپ قالدىم شۇڭا، ئەمدى بالامدىن، قويمىچى.

(ئاپتور غۇلجا ناھىيە دۆڭمەھەللە يولى 1 ـ كوچا 153 ـ قورۇدا)

# شېئىرلار

## تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن

### سۈرەت

لىپاپىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى،
كۆز ئالدىمدا يارنىڭ سۈرىتى.

سۈرەت تۇرار جىمجىت،
تەپەككۇردىن قالدۇ شۇ دەم،

كۆزلىرىدە دۇنيانىڭ سىرى،
ئەسكى چۈشتى قەدىم مەھەللەم.

سۈرەت تۇرار جىمجىت،
ئالا-بۇلىماچ چۈشلىرىمدىن
رەڭ بېرەي ئاڭا
يارىنىڭ خۇلقىدىن باھار ئويغانسۇن،
قىلىقلىرىدىن جاھان خۇيلانسۇن،
ۋۇجۇدىدىن گۈللەر تۆكۈلسۇن،
مەلھەم بولۇپ مېنىڭ يارامغا.

بوستان چاچلىرىدا سۈكۈتلۈك ئالەم،
قەدىمىي چۆچەكتىن سۆزلەيدۇ لەۋلەر.
سۈكۈت ئىچىدە:
بىر-بىرىگە تىكىلدى كۆزلەر،
دېڭىز شاۋقۇنى ئايان ئارىدا،
كىرپىكلىرىدە ئۈنچە-مارجانلار،
رەڭدار ئالەمنى ياسار باشقىدىن،
مەرۋايىت قوندى يازنىڭ مەڭزىگە،
زىناقلىرىدا ئۈزۈپ قالدى قان،
ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ ھىجران،
مۇھەببەت تۆرەلگەن قەدىمىي جاھان...

## تاغ گۈزىلى

تاغ گۈزىلى — تاغلارنىڭ قىزى،
بۇلاقلاردا ئۇنىڭ سۈرىتى.
قوشاق قىلىپ يېزىۋالاي مەن،
ئوقۇش ئۈچۈن كۈندۈز ۋە تۈنى.

※ ※ ※

چاچلىرىڭنى تۇرمىگىن گۈزەل،
تاغ شاملى تارىسۇن ئۇنى.
ماڭلايلىرىڭنى قۇياش سۆيۈپتۇ،
گۈزەل تۇرقۇڭدا سۆيگۈنىڭ كۈيى.
قىيغاچ قاشلىرىڭ، سۈزۈك قاپىقىڭ،
كۆزلىرىڭدە يۇلتۇز ئۇچقۇنى.
جاننى ئېلىپ ياندا قويغۇدەك،
ئىككى مەڭزىڭنىڭ قىپقىزىل گۈلى،
لەۋلىرىڭدىن گۈللەر رەڭ ئاپتۇ،
سۆيگۈ كۈينى سىرلىق پىچىرلاپ،
جىنىم كۆيىدۇ ساڭا قارىسام،
ۋۇجۇدۇمدا ئوتتۇك لاۋۇلداپ.

كۆكسۈڭ گويا مېھىر بۇلىقى،
جانلىرىمغا جان بەرسەڭ دەيمەن.
يۈرىكىمگە ئورناپ سۈرىتىڭ،
بىر ئۆمۈرگە ئۆچمىسە دەيمەن.
ئاققۇ بويىندەك ئىككى بىلىكىڭ،
بېلىق باغرىدەك پاقالچەكلىرىڭ،
ئېتەكلىرىڭنىڭ يەلپۈشلىرىدىن،
سۆيۈنەر ئەجەب مېنىڭ جانلىرىم.
مۇھەببەتلىك قاراشلىرىڭدىن،
ئالەم چايقالغاندەك بىلىنەر ماڭا.
مېڭىشلىرىڭ مارالنىڭ ئۆزى،
سەرۋى نازىڭنى كىم بەرگەن ساڭا.
ئەي تاغ قىزى، تاغنىڭ سۈرىتى؛
سۆيگۈلىرىم قالدى ھىجراندا.
ۋىسال ئىزدىسەم جىلغىلار ئارا،
شېئىرلىرىم چۆكتى پىغانغا.

※ ※ ※

چاچلىرىڭنى تۇرمىگىن دىلدار،
تاغ شاملى تارىسۇن ئۇنى،
كۆڭلىرىڭگە بەرسۇن خۇشاللىق،
مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى.

## تاغ سۈيى

چوققىلاردىن سىرغىپ ئاققان تاغ سۈيى،
جىلغىلاردا قوشۇلىدۇ جەم بولۇپ.
شاۋقۇنلىرى جان بېرىدۇ تاغلارغا،
تارىخ بويى ناخشىلارغا قوشۇلۇپ.
تاغ سۈيىدە يۇرىكىمنى چايقىسام،
قانلىرىمغا بىر شىجائەت سىڭىدۇ.
سەزگۈلىرىم ئويغىنىدۇ ئوتلىسام،
تاغ سۈيىدىن ئوتلۇق قوشاق يۇتىدۇ.
تاغ سۇلىرى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ،
ناخشا ئېلىپ يىراقلارغا كېتىدۇ.
مۇھەببەتلىك بۇ دۇنيانىڭ ھېكمىتى،
قەلبىمىزنىڭ قات ـ قېتىغا تىنىدۇ.
تاغ سۇلىرى ھاياتلىقنىڭ ئېقىنى،
دولقۇنلىرى قورام تاشتىن ھالقىيدۇ.
بۇزغۇن چاچقان ئۆركەشلەرنىڭ ئەۋجىدە،
رەڭدار ئالەم ــ ھەسەن ـ ھۈسەن بالقىيدۇ.
تاغ سۇلىرى تارىخلارنى قېرىتىپ،
ئاقار مەڭگۈ جېنىمىزنى سەگىتىپ.
تاغ سۇلىرى بۈيۈك تاغلار سۆيگۈسى،
توختىمايدۇ مەڭگۈ شۇنداق شوخ ئېقىپ.
تاغ سۇلىرى ئوخچۇپ ئاقسا ھەر زامان،
ئانا زېمىن مۇھەببىتى بىلىنەر.
تاغ سۈيىنىڭ ھېكمىتىدىن ھەتتاكى،
ئۆلگەن روھمۇ بەلكى قايتا تىرىلەر.

تاغ سۈيىدە يۇيغىن دوستلار يۈرەكنى،
ئۇندا پاكلىق، ئۇندا غەيرەت ـ شىجائەت.
تاغ سۈيىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ناخشىلار،
ياڭراپ تۇرسۇن شۇ ناخشىدا ساداقەت.

※ ※ ※

## باغدىكى سۆيگۈ

ئىلى دەريا بويلىرىدا باغلار تولا،
باغلار ئارا باغۇەن قىزلار جەۋلان قىلار،
ھۆسنى ئاپتاپ، كۆزى يۇلتۇز، چېھرى گۈل،
بۇلبۇل بولۇپ گۈللەر ئارا خەندان ئۇرار.
باغۇەن قىزلار كۆچەتلەرگە بەرسە ھايات،
باغلار ئارا مەرۋايىتلار يالتىرايدۇ.
شۇ قىزلارنىڭ مەگزى گويا قىزىل ئالما،
پورەكلەرگە ئوتلۇق ھايات بېغىشلايدۇ.
باغ ئىچىدە ئۇنتۇپ قالدىم يۈرىكىمنى،
ئارزۇيۇم شۇ ئاشۇ قىزلار تېپىۋالسۇن.
مۇھەببەتلىك چىرايىدىن نۇر تارايدۇ،
نۇرانىلەر ئارىسىغا قېتىۋالسۇن.

(ئاپتور ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئارامغا چىققان)

※ ※ ※

# ياندى بۇ ئوت تەن ئارا

## ئابدۇغېنى هامۇدى

1

نىگار ئىشقى پىراقىدا، كاراك بولغان قەلەندەرمەن،
ۋە بەلكى نە كاراگكى بىر، ساراك بولغان قەلەندەرمەن.
كۆرۈك ئەي ئاۋام، ئەل ـ يۇرت مېنىڭ جىسمىم، سىياقىمنى،
غېرىبلىق چۆلدە گويا غازاك بولغان قەلەندەرمەن.
ئېلىپ قولغا ساپايەمنى، كېزىپ مەيخانە ـ مەيخانە،
ئىچىپ ئاچچىق شارابنى زەپ، ياداك بولغان قەلەندەرمەن.
نىگار ۋەسلىنى بىر كۆرمەك، ئۇچۇن باغۇ قورۇسىنىڭ،
تېمىغا ئارتىلىپ هەر چاغ، باراك بولغان قەلەندەرمەن.
ئۇرۇنسامۇ كېچە ـ كۈندۈز كۆلۈم ـ يارنى سۆيۈشكە بىر،
يېتەلمەي ئول نىشانىمغا، مالاك بولغان قەلەندەرمەن.
مېنىڭ بايلىق بىساتىمدۇر، قاراگغۇ زەي، قۇرۇق كۆلبەم،
جېنىمدىن ئۆزگە هەر نەرسەم، تالاك بولغان قەلەندەرمەن.
نىگار ۋەسلى ئۇچۇن دەريا، دېڭىز ـ ئوكيانغا سەكرەشكە،
سىلىپ ئەگلىمنى هەر دائىم يالاك بولغان قەلەندەرمەن.
مېنى هەممە ئېلىپ تىلغا هۆۋەيدانىڭ ئۆزى دەيدۇ،
دېمەك ئەلنىڭ زۇۋانىدا، پاراك بولغان قەلەندەرمەن.

2

بەرگىلى كەلدىم سالام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ،
سىزگە ئالىي ئېهتىرام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
ئويغىتالماي سىزنى هېچ، تولدى ئاچچىققا ئىچىم،
ئاقتى كۆزدىن ياش تارام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
كۆپ زامان ئۆتتى كۆلۈم، بولدى بەس، دىلدار ئۇچۇن،
ئۇيقۇنى قىلماي داۋام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
ئاز ئەمەس قىلغان ئەجىر، سىزنى بىر كۆرمەك ئۇچۇن،
ئاڭا شاهىت ئەل ـ ئاۋام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
بۇ غېرىبلىق ۋەجىدىن بولدى ئاه، قەلبىم يارا،
تېز ساقايسۇن دىل يارام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
كەلمىگەچ سىزدىن خەۋەر، ئۆتتى غەشلىكتە كۈنۈم،
بولدى كۆپ كۈنلەر هارام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
نە خۇشاللىق يار ماڭا، سىزنى بىر كۆرمەي تۇرۇپ،
بۇ كۆڭۈل تاپسۇن ئارام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
يانىمدىم مەنزىل ئارا، شۇم رەقىبلەر پەيلىدىن،
سىز ئۇچۇن بولدۇم قارام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
كۆيمىسۇن ئوتتا يەنە، بۇ مېنىڭ جانۇ تېنىم،
ئۇيقۇنى ئەيلەپ تامام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.
دېمىسۇن ئەللەر مېنى، هەي ئىسست هالىڭغا ۋاي،
ياندۇرۇپ قەلبىمگە شام، ئويغىنىڭ يار، ئويغىنىڭ.

3

مۇهەببەت مۇپتىلاسىدىن، مېنىڭدەك باغرى قان بارمۇ،
قورۇپ قاقشال بولۇپ قالدىم، تېنىمدە زەررە جان بارمۇ.
نىگارى ۋەسلىنى ئىزدەپ، دېمەي يامغۇر، جۇدۇن ـ چاپقۇن،
مېنىڭدەك خارى ـ زار بولغان گويا تەركى جاهان بارمۇ.
جاهاننى ئايلىنىپ چىقتىم، كۆرۈنمەيدۇ يۈرەك پاردم،
شۇڭا مەندەك پەرىشان بىر، خۇنۇك هالى يامان بارمۇ.
كۈنۈم ئۆتتى باياۋاندا، ماڭا ئۇلپەت ئېغىر كەچمىش،
ئاياغىم تەگمىگەن زەيكەش، ئېقىن دەريا، داۋان بارمۇ.
كۆلا جەندەم بىلەن يۈرسەم، ساپايەمنى چېلىپ چۆلدە،
ماڭا هۆۋلاپ خىرىس قىلماي، كېتىپ قالغان قاۋان بارمۇ؟
يېپىنچام بولدى شاخ ـ شۇمبا، ئېدىر ـ سايدا تۈنەپ قالسام،
ماڭا ئۇندىن بۆلەكچە بىر، ئارامى جاي ـ ماكان بارمۇ.
يۈرەكىم بولدى مىڭ پارە، ۋىسالغا بولمىغاچ چارە،
جاهانغا باق پېقىر يەگلىغ، گويا رەڭگى سامان بارمۇ.
شۇڭا هەسرەتتە يىغلايمەن، پەقەتلا كۆرمىگەچ يارنى،
زېمىندا يىغلىغان مەندەك، كۆزى ياشى، قىيان بارمۇ.
نىگارنىڭ ئىشقى سەۋداسى، تۈپەيلى كۆلگە ئايلاندىم،
ماڭا بۇندىنمۇ ئارتۇقراق، يەنە ئاخىر زامان بارمۇ.

4

كۆلۈم ساقلان بولۇپ سەگەك، يامانىنىڭ ئولجىسى بولما،
ۋە ياكى هېچ ساپاسى يوق، نادانىنىڭ ئولجىسى بولما.
زېرەكلىك ساڭا يار بولسۇن، هەزەر ئەيلە بىخۇدلۇقتىن،
ئېزىپ يولدىن ئېيىق ـ بۆرە، قاۋانىنىڭ ئولجىسى بولما.

تىلەيمەن ساڭا خۇشلۇقنى، تالاي ئامەتلىرىڭ بولسۇن،
يۈرۈپ يالغۇز خىيالىڭچە، چاپاننىڭ ئۇلجىسى بولما.
سېنى ئازغۇن قەدەمدە بىر، ھامان ئازدۇرىمەن دەيدۇ،
ئۇلار قىلغان شېرىن گەپ - سۆز، زۇۋاننىڭ ئۇلجىسى بولما.
يامانىنىڭ ھىيلىسى كۆپتۇر، شۇڭا ھوشيار بولۇپ ھەر چاغ،
ئۇلار تۈزگەن رەزىل قىلتاق، پىلاننىڭ ئۇلجىسى بولما.
رەقىبلەر ساڭا كۆرسەتسە، گۈزەل ئايۋان، قەسرلەرنى،
ئاڭا مەپتۇن بولۇپ شۇدەم، ماكاننىڭ ئۇلجىسى بولما.
سېنى ئالداش ئۈچۈن قويسا، ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى،
ئاشۇ نەپكە بولۇپ شەيدا، قازاننىڭ ئۇلجىسى بولما.
بېرىلمە خەس - پۈچەك پۇلغا، كىيىم - ئەگلىككە باش ئەگمە،
سۆزۈمنى تىل - تۇمار ئەيلە، چاپاننىڭ ئۇلجىسى بولما.
سېنى دەپ يار تۇغۇلدۇم مەن، ئۆزۈم ئەسلى خېرىدارىڭ،
مېنى تاشلاپ زەھەرلىك بىر، يىلاننىڭ ئۇلجىسى بولما.

5

تۈنجى قار ياققان كۈنى، تاشلىدى قارلىق ماڭا،
نەدە بىر قارلىقكى ئۇ، بەلكى بىر يارلىق ماڭا.
تەڭگىسىدە تاشلىغان، قارلىقىڭ كۆكسۈمگە دەل،
كەلدى دەپ بىلدىم ئۇنى، چىن خېرىدارلىق ماڭا.
كۆز ئېچىپ باقسام شۇئان، يەرمۇ قار، ئاسمانمۇ قار،
كائىنات بولدى گويا، شاھى گۈلزارلىق ماڭا.
قارلىقىڭ قىلدى مېنى، مىسلى بىر ئالەمگە شاھ،
بەزىلەر قىلدى ھەسەت، ئاھ ئۇرۇپ، تارلىق ماڭا.
نە ئۈچۈن بولماي خۇشال، بۇ ۋۇجۇد - جىسمىم بىلەن،
قوت يېغىپ يەندىن گويا، كەلمىسە خارلىق ماڭا.
ياندى ئوت بۇ تەن ئارا، سەن نىگارىمغا قاراپ،
بولدى يار شۇندىن بېرى، كۆزدە بىدارلىق ماڭا.
كەل گۈلۈم، تاشلا يەنە، نەچچە مىڭ قارلىقنى سەن،
ۋە لېكىن كەتمە يىراق، قالدۇرۇپ ئارىلىق ماڭا.

6

نىگار ئىشقى پىراقىڭدا، ئېنىم گۈلخانغا ئايلاندى،
نە گۈلخانكى كۆۋەجەپ ئۇ، گويا ۋولقانغا ئايلاندى.
قېنى ئېيتقىن، ئۆزۈڭ نەدە، مېنى تەركى جاھان قىلماي،
تۆكۈلگەن كۆزدىكى ياشىم، دېڭىز - ئوكيانغا ئايلاندى.
سېنى بىلسەڭ سۆيۈملۈك يار، چۈشەيمەن كۈندە مىڭ مەرتەم،
ساڭا سەۋدالىقىم تەھقىق، تۈمەن داستانغا ئايلاندى.
گۈلۈم قايدىن كېلەركىن دەپ، قارايمەن ھەر تەرەپلەرگە،
سېنى ئىزدەپ كۆزۈم ھەتتا، يورۇق چولپانغا ئايلاندى.
گۈزەل ۋەسلىڭگە يەتمەكتىن، ماڭا ئارتۇق خۇشاللىق يوق،
شۇڭا قەلبىمدە بۇ غايەم، بۈيۈك ئارمانغا ئايلاندى.
بورانلار زەربىسىگە ھېچ پەقەتلا قىلمىدىم پەرۋا،
سەۋەب جىسمىم - ۋۇجۇدۇمنۇ پولات - قالقانغا ئايلاندى.
بىساتىڭ مەرىدىن كەچتىم، ئۆزۈڭسىز نە كېرەك ئۇ دەپ،
ئۆزۈڭ ۋەجى قولۇمنۇ يار، سېخى ئالقانغا ئايلاندى.
سېنىڭ ۋەسلىڭ مېنى شۇنداق سېخى قىلدى، جەسۇر قىلدى،
ئاياغىم ئاستىدا تاشلار، كۆكۈم - تالقانغا ئايلاندى.
شۇڭا دىلبەر مېنى ئەمدى، گۈزەل ۋەسلىڭگە يار قىلغىن،
دېمە ئەمما، ماڭا زىنھار سۆزۈم يالغانغا ئايلاندى.

(ئاپتور غۇلجا شەھەر مېھمان كۈتۈش يولى 5 - نومۇرلۇق قورۇدا)

# پىغان

قاسىم سدىق

## ۋەسىيەت

قولۇمدىن قامچىنى ئالغىن، ئۆزۈڭ ئات سال بالام ئەمدى.

ئۇزۇن يوللاردا تالدىم مەن،
ئالاي بىر پەس ئارام ئەمدى.

ئاتاڭنى بىئەجىر كۆرمە،
ھېسابسىز ئەجرىمىز بىزنىڭ.
سېنى ئەر قىلغۇچە ئوغلۇم،
پۈكۈلدى قەددىمىز بىزنىڭ.

سىلەرگە قالمىدى ئەپسۇس،
ئۇشۇقچە مال ـ بىسات مەندىن.
ئوك ـ تەتۈر ھېسابلارنى،
ئېلىپ تورغاچ ھايات مەندىن.

جاھاننىڭ خوۋلۇقى شۇنچە،
كېلە ئوغلۇم سۆيۈپ قويغىن.
ئاتاڭ تىككەن كۆچەتلەرنىڭ،
تۈۋىگە سۇ قۇيۇپ قويغىن...

## چولپانلار

كۆكتە بىر چولپان،يەردە سانسىز چولپانلار،
چولپان بولۇپ چاقنايدۇ، سەرخىل ئىنسانلار.
ھەيران قېلىپ چولپاننى، يورۇتقان يەر جاھاننى،
ئەلنى سۆيەر يۈرەكتە يانغان گۈلخانلار.

كۆكتە بىر چولپان، يەردە سانسىز چولپانلار،
چولپان بولۇپ پارلايدۇ ئىشچان ئىنسانلار.
نەدىن كەلسۇن باغۇبوستان، خامانلاردا ئالتۇن دان،
تۆكۈلمىسە ماڭلايدىن ئىسسىق مارجانلار؟!.

كۆكتە بىر چولپان، يەردە سانسىز چولپانلار،
چولپان بولۇپ چاقنايدۇ ئارزۇ ـ ئارمانلار.
نەدىن كەلسۇن ئازادلىق، ئاسايىش باياشاتلىق،
جان تىكمىسە ۋەتەن دەپ باتۇر ئوغلانلار؟!.

## بۇلاقلار

شىلدىر، شىلدىر، شىلدىر توختىماي،
ئانا يۇرتقا سۈت بېرىدۇ بۇلاقلار.
پىچىر ـ پىچىر، پىچىرلاشسا ئاشىقلار،
شۇنچە شېرىن چۈش كۆرىدۇ بۇلاقلار.
بۇلاقلار،
بۇلاقلار،

شېرىن سىرلار يوشۇرۇنغان بۇلاقلار.
بۇلاق كۆزى سۆيگۈمىزنىڭ ھەغداسى،
ئاي ـ يۇلتۇزلار ئەھدىمىزنىڭ گۇۋاھى.
شۇنچە گۈزەل مۇھەببەتنىڭ دۇنياسى،
بولسا ئەگەر ۋەدىلەرنىڭ ۋاپاسى.
بۇلاقلار،
بۇلاقلار،
قوش يۈرەكلەر يۇغۇرۇلغان بۇلاقلار.

ئۈزۈپ يۈرەر بىر جۈپ ئۆردەك بۇلاقتا،
سىردىشارمىز يار ئىككىمىز قىرغاقتا.
ئاشىق بالا ناخشا ئېيتار يىراقتا،
«كەتمە جېنىم مېنى قويما يىراقتا»
بۇلاقلار، بۇلاقلار،
مۇھەببەتكە سۇغۇرۇلغان بۇلاقلار.

## بويتاق يىگىتنىڭ نالىسى

چۈش كۆرۈرمەن ئۇشبۇ دەم شۇنچە گۈزەل،
جان ئانا ئويغاتمىغىن، ئويغاتمىغىن.
چۈشلىرىمدە توققۇزىمىز بويتۇ تەل،
جان ئانا ئويغاتمىغىن، ئويغاتمىغىن.

ئەمدى بىزنىڭ باغدىمۇ توي بوپتۇدەك،
يەتتە ئىقلىم تويىنى قۇتلاپ كەپتۇدەك.
«شادىيانە» كۆكتە پەرۋاز قىپتۇدەك،
جان ئانا ئويغاتمىغىن، ئويغاتمىغىن.
تۇرغۇدەكسەن بەرقارار ئايدەك ئۆزۈڭ،
ئەل جامائەت ئالدىدا يورۇپ يۈزۈڭ.
بوپتۇدەكمىش ئەمدى ياشلانماس كۆزۈڭ،
جان ئانا ئويغاتمىغىن، ئويغاتمىغىن.

نە ئەجەب ئوڭگۈمغا ئايلانسا چۈشۈم،
بەختى ـ ئىقبالىمغا باغلانسا چۈشۈم.
ئوڭ بولۇر يالقۇندا تاۋلانسا چۈشۈم،
جان ئانا ئويغاتمىغىن، ئويغاتمىغىن.

## پىغان

(بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ يىرىك ۋەكىلى، ئالىيجاناب ئۇستاز زوردۇن سابىرغا مەرسىيە)

ئابرال ئوغلى كۆز يۇمدى،
ئانا يۇرت ئاھ ئۇرار تىنماي.
ئىسىل يازمىلىرى قالدى،
كۆزۈمگە سۈرتمەن قانماي.
ئانا يۇرت ئاھ ئۇرار تىنماي،
ۋەسىل پەيمانىسى تولماي.
باھاردا قايتا جەم بولماي،
ۋاپادار ئوغلىغا قانماي،
جەسۇر ئوغلانىغا قانماي.

گۈزەل پەزلىڭ بوغۇنلارغا،
ھېكايەت ـ قىسسىدۇر ئۇستاز.
ئەجەب بالدۇر كېتىپ قالدىڭ،
جاپايىڭ كۆپ ھالاۋەت ئاز.

گىرىمسەن گۈڭگا تارىخنى،
بايان قىلدىڭ يورۇق ـ نۇرلۇق.
ئادالەت قىبلىنامەڭدۇر،
غەيۇر روھىڭدا يوق قۇللۇق.

ئابرال ئوغلى كۆز يۇمدى،
ئانا يۇرت ھازىدار ئويغاق.
ھەر باققاندا ئابرالغا،
يىشىم دەريا ئۆزۈم قولۋاق.
ئانا يۇرت ھازىدار ئويغاق،
ۋەسىل ئىزدەپ زىمىن چاڭقاق.
دىلىم تەشنا، لىۋىم قۇرغاق،
يىشىم دەريا، ئۆزۈم قولۋاق.

## دوستۇم سۇنغان قەدەھ

دوستۇم سۇنغان بۇ قەدەھ،
دەردىمگە شىپا.
مەي ئەمەس بۇ ئىچكىنىم،
مۇھەببەت — ۋاپا.

يارۇ ـ دوستسىز بۇ جاھان،
زىندان ئەمەسمۇ؟.
يالغۇز قالغان ئەركەكلەر،
پايخان ئەمەسمۇ؟.

دوستۇم سۇنغان قەدەھنى،
تامشىپ ئىچىمەن.
پەيتى كەلسە دوستنى دەپ،
جاندىن كېچىمەن.

## روھىم بىلەن مەن بەختىيار

چۈللەردە ئۇسساپ ـ چاڭقىسام،
ئاغزىمغا تامدى كۆز يىشىم.
قەلبىمدە دەريا ئوردى مەۋج،
غەرق بولدى بارلىق تەشۋىشىم.

دوق قىلسا ئاچلىق دەھشىتى،
بولدۇم نومۇسنىڭ سىردىشى.
تۆكتى نومۇسۇم يەل ـ يىمىش،
تۆكىدى قورساقنىڭ قەغىشى.

قىلغاندا ھەيۋە قەھرىتان،
ئارمان جېنىمنى ئۆرتىدى.

بولدى زىمىستان شۇندا مات،
كۆڭلۈمنى لەززەت يەلپۈدى.

بەختىمگە كەلگەن يىغىنى،
قىلسا تەبىئەت بەختىيار.
ئۆشىبۇ نىيەتكە قايدا نەپ،
روھىم بىلەن مەن بەختىيار.

## تەلمۈرۈش

ھەسرىتىگدە چىرايىم بولدى زەپىران،
خەۋەر ئالماي ھالىمدىن يۈرەرسەن قايان.
ۋىسال پەيتى شۇنچە قىس، شۇنچە ناگىھان،
ھىجران دەشتى بولامدۇ چەكسىز بىپايان؟!

شۇنچە قاراپ قاراڭنى كۆرەلمىدىم مەن،
لەۋلىرىڭگە زارىقىپ سۆيەلمىدىم مەن.

تەلمۈرىمەن يولۇڭغا، ۋەدەڭنى ئويلاپ،
ئالدىدىڭمۇ، ئالداندىم بىلەلمىدىم مەن؟!

پۈتۈن جىسمىم كۆز بولۇپ تەلمۈرەر ساڭا،
يۈرەك ـ باغرىم ئوت بولۇپ تەلپۈنەر ساڭا.
سېنى تىلەپ قەددىم بولدى مۈك،
ئىگەم ئادىل بولسىلا يەتكۈزەر ساڭا.

(ئاپتور غۇلجا شەھەر دادامتۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئارامغا چىققان)

# ئايدىڭدىكى ئېچىرقاش

## ئەھمەد يولداش

1


ئۇنتۇپ كېتەي سېنى تىمتاسلا،
چۈنكى، ئوتتۇڭ مېنى قىينىدى.
بارمىقىڭنى ئويناپ ئولتۇرۇپ،
ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىدى.
تەلپۈنگۈم يوق يەنە ھېچكىمگە،
رەنجىتكىم يوق ھەمدە ھېچكىمنى.
كەچۈر مېنى ئىپپەتلىك قىزچاق!
سۆيەلمەسمەن قايتا ھېچكىمنى.

2

بوسۇغاڭنىڭ يېرىقلىرىدا،
ماڭا ئامراق بىر مۈك تەلپۈنەر.
توپىلارغا چۆككەن تىۋىشىڭ،
ئارامىمدا ھالسىز سىلكىنەر.
ھۆۋۈلاشلاردىن ئەندىكەر جىسمىم،
يا بولمىدىڭ يېنىمدا پەيدا.
توزۇپ بارار ئاشىق چۈشلىرىم،
سېنى ساقلاش باياۋانىدا.

(ئاپتور قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم



## «سابىق كاپىتان پوستتا تۇرغان جاي» نىڭ ھېكايىسى

# بۇ رىۋايەت ئەمەس

ئابلەت ئابدۇللا

مۇھەررىردىن: ھازىرغا قەدەر ئارىمىزدا ھېچقانداق شائىر ئۆز شېئىرلىرىنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بەرمىگەنىدى. باشقىلار ئويلىمىغان، قىلمىغان ئىزگۈ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ھېرىسمەن شائىر يازغۇچى ئابلەت ئابدۇللا يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە بىر قىسىم شېئىرلىرىنىڭ ھېكايىسىنى يېزىپ چىقتى. «ھەر بىر شېئىرىمنىڭ پروتوتىپى، ۋەقە، ھېكايىسى بار. ئەگەر مەن بۇ شېئىرلىرىمنى ھېكايىلەشتۇرسەم، جەزمەن ئۇ مېنىڭ ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپەم ھەققىدىكى قىزىقارلىق رومان بولغان بولاتتى» دەيدۇ شائىر. شۇنداق ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئۇشبۇ يازمىلاردا روياپقا چىقتى...

بۇ ۋەقە **1947** ـ يىلى ئالتايدا بولغان:

### بىرىنچى باب

ــ سالام، ھۆرمەتلىك كوماندىر!

راپورت (دوكلات) بېرىشكە رۇخسەت قىلىڭ!

ــ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۇستاپىدىن

**1984** ـ يىل، ياز ئاخىرى، غۇلجا

كۈن چۈشتىن قىيىلغان، شۇنداقتىمۇ ئوچۇق كۆك ئاسماندا ئۇنىڭ ھارارىتى ئانچە پەسەيمىگەن. ئىككى قاسىنىقى ئېگىز سۇۋادان، ھەشتىرخان تېرەكلىرى بىلەن قاپلانغان غۇلجىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاۋات كوچىسى ــ «ئازاد يول» قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. بۇ ئىلى ـ ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ شەھەر ئىچى تەۋەسى بولۇپ، ئىلى قاتناش باش بېكىتىمۇ مۇشۇ چوڭ يولغا جايلاشقانىدى. ماشىنىلار، ئادەملەر، ھارۋىلار يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىغا جايلاشقان ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپلەر، ماگىزىنلار، كىنو ـ تىياتىرخانىلار، ئاشخانىلار، ئۇششاق ئېلىپ ـ ساتارلار، يايمىچىلار، باققاللار، موزدۇزلار... بۇ كوچىغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېرىپ، ئۇنى ئاۋات قىلىپ تۇراتتى. يول ياقىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سالقىن سايىسى كىشىلەرنى شېرىن سۆھبەتتە ئارام ئالدۇراتتى...

يېنىمدا قازاقىستانلىق مېھمىنىم ــ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ سابىق كاپىتانى نىزاموف قاسىمجان ئاكا. ئۇ ئۇستىخانلىق، ئېگىزگە مايىل ئوتتۇرا بويلۇق، سوزۇنچاق، ئاق يۈزلىرىنىڭ گۆشلىرى

يارقىن يۇلتۇزلار

ئازراق تارتىلىپ قالغان، قاڭشارلىق، گۆشلۈك بۇرۇن، سارغۇچ كۆزلىرى ئەتراپىنى ئۇششاق قورۇق باسقان، قىسقا قاشلىرى ئۆسكىلەڭ ئادەم. ئۇ ئاتمىش ياشلارغا تاقاپ قالغان بولسىمۇ، ھەرىكىتىدىن، مېڭىش-تۇرۇشىدىن، گەپ-سۆزلىرىدىن يەنىلا ياش، جەڭگىۋار ۋاقىتلىرىدىكى بىر خىل ئادەتلەنگەن روھىنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئۇزۇن پۇتىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ، سەل ئاقساقلاپ، ھەممە نەرسىگە زەن سېلىپ ماڭاتتى. بەزىدە دەم تۇرۇۋېلىپ، ئويلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئېھتىمال، ئۇ ياشلىقى ئۆتكەن، ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ ئوتلىرى غۇلجا كوچىلىرىنى قاپلىغان ئاشۇ جەڭگىۋار يىللارنى ئويلاۋاتقاندۇ!...

كوچا ئايلىنىپ، ئازاد يول 7-يان كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ قالدۇق. بۇ دوقمۇشنىڭ غەرب بۇرجىكىدە قاچان ياسالغانلىقى نامەلۇم، ئەمما ھازىرغىچە ئۆز پېتىنى يوقاتمىغان، كۆك خىش بىلەن كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىر بىنا بار ئىدى. بۇ ھازىر «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ خىزمەت ئورگىنى ئىدى. بىنانىڭ چوڭ دەرۋازىسى 7-يان كوچىدا، ئۇنىڭ ئاساسىي چوڭ خىزمەت زالىغا كىرىدىغان ھاۋارەڭ سىرلىرى ئۆڭگۈپ كەتكەن. قوش قاناتلىق ئىشىكى يولىمىز ئۈستىدە ئىلى قاتناش بېكىتىگە يانچە قاراپ تۇراتتى. ياۋروپاچە ئۇسلۇبتا، كۆك خىش بىلەن چىرايلىق ئاركا قىلىپ ياسالغان بۇ ئىشىكنىڭ ئاستىدا بىرقانچە تار پەلەمپەيلەر بار ئىدى.

نىزاموف ئاكا بۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە قەدىمىنى توختاتتى ۋە بىنا تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن قاراپ تۇردى. ئاندىن نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك، شۇ تاپتا باشقا دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، بىردىنلا يېشىغا ماس كەلمىگەن چەبدەس ھەرىكەت بىلەن پەلەمپەي يېنىدا غەربكە قاراپ تىك تۇردى. ئۇ خۇددى پوستتا تۇرغان جەڭچىدەك خىيالىدىكى قورالنى مەھكەم تۇتۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم ۋە نېمىشقىدۇر شۇ چاغدا: «بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ، كاللىسى سەل چاتاقمۇ قاندۇق؟!...» دېگەن مەۋھۇم خىيال ئۇچقۇنى كاللامدا لىپلا قىلىپ يېنىپ ئۆچتى.

ئۇنىڭغا قىزىقىش ئىچىدە بىردەم قاراپ تۇردۇم، ئەمما ئۇ قوزغىلىدىغاندەك ئەمەس، ئاشۇ ھالەتتە قېتىۋېلىپ، تىك تۇرغىنى تۇرغان.

— نىزاموف ئاكا! — يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۇنىڭ بۇ «غەلىتە» تۇرقىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاستا تۇۋلىدىم.

ئۇ يەنىلا زۇۋانسىز، يەنىلا پوستتا. مەن كۈلۈپ كەتتىم ۋە ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ، يېڭىدىن تارتتىم:

— ھوي، سابىق كاپىتان، نېمە بولدىڭىز؟

ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، ئەندىككەندەك بولۇپ، قەددىنى رۇسلىدى-دە، ماڭا چاس بەردى. ئۇ گويا شۇ تاپتا راستتىنلا پوستتا تۇرۇۋاتقان جەڭگىۋار ھالەتتىكى جەڭچى ئىدى. چاس بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ راپورتى ئاڭلاندى:

— سالام ھۆرمەتلىك كوماندىر! راپورت بېرىشكە رۇخسەت قىلىڭ!...

ئاندىن ئۇ ئۆزىنى قويۇۋەتتى-دە، كۈلۈمسىرىدى. مەنمۇ چاقچاق قىلىپ: «راھەت»-دېدىم. كۈلۈشتۇق.

نىزاموف ئاكا ماڭا بۇرۇلۇپ:

— ھەي ئۇكام، سىز بىلمەيسىز-دە، بۇ قانداق يەر؟!... سىز ئۇ چاغلاردا تۇغۇلمىغان. بۇ بىزنىڭ باش ئىشتاب ئىدى. غۇلجىدا ئىنقىلاب باشلانغاندا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، رەھىمجان سابىر ھاجىيوف، ئالېكساندىروف، ماناپ بېكتېمىروف، ماۋاروۋ، قاسىمجان قەمبىرىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ئىنقىلابقا قوماندانلىق قىلغان. بىز ئۇلارنى قوغدايتتۇق. مەن مۇشۇ يەردە پوستتا تۇراتتىم، نەق مۇشۇ يەردە دەڭا، — ئۇ ئاقساق پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ قويدى، — نەق ھازىرقى ھالەتتە... بۇ يەرنى كۆرۈپ، شۇ چاغلىرىم كىينەپ كەتتى. ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم ئۇكا، تۇتالمىدىم... ھەي، سىز بىلمەيسىز-دە بۇنى!... توختاڭ، مۇشۇ يەرنىڭ بىر چىمدىم توپىسىنى ئېلىۋالاي جۇمۇك، ۋەتىنىمنىڭ توپىسى-دە بۇ!...

ئۇ ئاقساق پۇتىنىڭ كاشىلا قىلىۋاتقىنىغا قارىماي، تەستە ئېگىلىپ، نەق ئايىغى ئاستىدىكى يەرنى تىرنىقى بىلەن كولاپ، بىر چىمدىم توپىسىنى ئالدى-دە، ئۇنى قولياغلىقىغا تۈگۈۋالدى. ئەنە شۇ

چاغدا، ئۇنىڭ مەندىن قاچۇرۇۋاتقان كۆز چاناقلىرىدا، نەق ئاشۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا يوشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ قالدىم... مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى، نى ـ نى جەڭلەردە يېڭىلمىگەن سابىق كاپىتان جەڭچى ۋاقىتلىرىدا ئۆزى پوستتا تۇرغان يەرنى كۆرگەندە چىدالماي ۋاتاتتى.

ئېھ، سابىق كاپىتان، سابىق كاپىتان!...

قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ قىرىدا قاتار سۆۋادان تېرەكلەر بار ئىدى. تېرەكلەر ئارىسىدىكى يېشىل چىملىق ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. غەربكە قاراپ ئېقىۋاتقان سۇ ئېرىق ئىچىگە ساڭگىلاپ قالغان ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن يېنىك شۇرۇلاپ ئۆتۈۋاتاتتى.

نىزاموف ئاكىنىڭ روھى ئېزىلگەن، كۆزلىرى مۆڭگىلانغان، كۆزى ئەتراپىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ خۇددى ئېغىر بىر يۈك ئاستىدىكى ئادەمدەك بوش ئاۋازدا:

ـ مۇشۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى!- دېدى.

ئولتۇردۇق. ئۇ ئالدىرىماي كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن سىگارتنى ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر تالنى سۇغۇرۇۋېلىپ، چاقماقنى چېقىپ تۇتاشتۇردى ـ دە، قاتتىق بىرنى شورىدى. ئاغزىدىن چىققان ئاقۇچ تۈتۈن دەرەخ بويلاپ يۇقىرى ئۆرلىدى. ئۇنىڭ ھەممە دەرد ـ ھەسرىتى، گويا ئاشۇ تۈتۈن بىلەن بىللە ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكەندەك يېنىكلەپ، ھېكايىسىنى باشلىدى.

بۇ ئۇنىڭ 1947 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۆكتەبىر ئايلىرىدا ئالتايدا بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقە ئىكەن. بىز ئوقۇرمەنلەرگە ھېكايىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئالتاينىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىدىن قىسقىچە راپورت بېرىمىز:

1946 ـ ، 1947 ـ يىللىرى ئاجايىپ گۈزەل ئالتۇن تاغلىرى، كۆپۈلدەپ بېلىق پۇراپ تۇرىدىغان دەريا ـ ئېقىنلىرى، قاناس، ئۇلۇڭگۇردەك تەبىئىي مەنزىرىلىك كۆللىرى بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئالتۇن، بېرىللىي، كولۇمبىت، ئېپودىمان، چىرىمتال ۋە ۋولفرام قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان بىباھا قىممەتلىك مېتاللىرى بىلەن چۆچەكلەردىكى سىرلىق خەزىنىگە ئوخشايدىغان ئالتاي ئورۇش ئوتى ئىچىدە كۆيگەنىدى. «سۇ بويىدا» رومانىدىكى سۆڭ جياڭدەك تاغ ـ تۇزاغا چىقىۋالغان ئوسمان ئىسلام 20 ـ ئەسىرنى قەدىمكى سۆڭ زامانىسىدەك چاغلاپ، بۇ ئالتۇن ماكاننىڭ «پادىشاھى» بولۇشنى خىيال قىلغانىدى.

ئۇ 1947 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئاخىرلىرىدا گومىنداڭ قوراللاندۇرغان 1600 دەك قۇيرۇچۇق (ئوسماننىڭ ئەگەشكۈچىسى) لىرىنى باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى قىسىملىرىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. دەسلەپتە مىللىي ئارمىيەنىڭ گېنېرال مايورى دەلىلقان سۇگۇربايوف، پولكوۋنىك بەدەلقان سۇگۇربايوفلار باشچىلىقىدىكى 1800 كىشىلىك سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى قوغداۋاتقان سارتوقاي، چاغانغول، چىڭگىل، كۆكتوقاي ۋە بۇرۇلتوقاي قاتارلىق جايلارنى تېزلا ئىشغال قىلدى.

ئوسمان قىسىملىرى تاغ ئادەملىرى بولغاچقا، ئات مىنىشكە ئۇستا ۋە تاغ ئۆرۈشىگە ماھىر، مەرگەن ئىدى. ئۇلار پىرە چاقىرىپ، ئالا ـ تاغىل ۋارقىرىشىپ، ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولاتتى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە جىنسدەك غايىب بولاتتى. ئۇلار چارۋىچى ئاممىنى ئالداپ، قورقۇتۇپ، ئالدىغا سېلىپ، كۆچۈپ ـ يۆرۈپ ئۇرۇش قىلاتتى. ئۇلار مۇشۇ تاكتىكىسى بىلەن مىللىي ئارمىيەنىڭ جايلاردىكى تارقاق، تەمىنات، ئۇچۇر ـ ئالاقە يەتكۈزۈش قىيىن بولغان قىسىملىرىنى ئورغۇن تالاپەتكە ئۇچرىتىۋەتتى.

ئوسمان قىسىملىرى 1947 ـ يىلى 16 ـ سېنتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بازىرى ــ سارسۇمبىنى، 17 ـ سېنتەبىر كۈنى پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى تىزگىنلىۋالدى ۋە ھەممە يەردە بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىق قىلدى.

بۇ ئۇرۇشتا ئەڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان، قورشاۋدا قالغان، ئەسكەرلىرى تىرە ـ پىرەڭ بولۇپ، پېتىراپ كەتكەن قاسىمجان ئاكا تۇرۇۋاتقان 1500 كىشىلىك قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى بولدى. دەسلەپتە بۇ پولكنىڭ قوشتولغايدىكى بىر ئىسكادرونى ئوسمان قىسىملىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ 37 جەڭچىسى قۇربان بولۇپ كەتتى. ئاندىن مۇئاۋىن پولك كوماندىرى مايور ئىبراھىمباي باشچىلىقىدىكى

ئۈچ ئىسكادرون قاراچۆل ئورۇشىدا يېڭىلىپ، 10 ـ سېنتەبىر كۆنى تاشقى موڭغۇلىيەگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ پولكنىڭ يارىدەمگە ماڭغان پولك كوماندىرى پولكوۋنىك نوسوۋىچقان كۆنباي باشلىغان ئۈچ ئىسكادرون سارسۇمبىنىڭ ئۇبالى دېگەن يېرىدە ئوسمان قىسىملىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ پەقەت: «نوسوۋىچقان ئون نەچچە جەڭچى بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، سارسۇمبىگە قېچىپ كەلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇۋەردى.»

پولك كوماندىرى نوسوۋىچقان كۆنباي سارسۇمبىگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشتاب باشلىقى مايور سالاھىدىن سىدىقوف مۇۋەققەت پولك كوماندىرى بولدى. ئۇ پولك ئىشتابىدىكى ئىككى يۈز نەپەردەك كوماندىر ـ جەڭچىنى باشلاپ، ساربۇلاقتا يارىدەمگە كېتىۋاتقاندا ئالتاي لاگېرىدا (قانداغاتايدا) ئوسمان قىسىملىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇمۇ كوماندىر نوسوۋىچقانغا ئوخشاشلا تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچ كەلدى. مايور سالاھىدىن ئون سەككىز نەپەر جەڭچى بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، قورۇق تاغقا ئۆزىنى ئاتتى. پولكنىڭ ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈكى ھەتتا پولك بايرىقى ئوسمان قىسىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى...

ئاشۇ ئەجەللىك مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققان ئون سەككىز نەپەر جەڭچىنىڭ بىرى ــ ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقان مۇشۇ سابىق كاپىتان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسى ماڭا «مەشھۇر چەت ئەل پوۋېستلىرى» ناملىق كىتابتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ب. ئا. لاۋرېنېپنىڭ «قىرىق بىرىنچى» سىنى ئېسىمگە سالاتتى. بۇ پوۋېستتا ياش سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ كولچاك كازاك قىسىملىرىغا قارشى پىداكارانە كۆرىشى تەسۋىرلەنگەنىدى.

1919 ـ يىلى فېۋرالدا ياش سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ 144 نەپەر كوماندىر جەڭچىسى قاراقۇرۇم چۆلىدە كازاك قىسىملىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندا: «ئەجەللىك قورشاۋ ئىچىدىن پەقەت قىزىل كومىسسار يېپشكوپ، يىگىرمە ئۈچ نەپەر جەڭچى ۋە ماليوتكىلا بۆسۈپ چىققانىدى.» بۇ بىر توقۇلما ھېكايە، ئەمما سابىق كاپىتاننىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەقىقىي ۋەقە ئىدى.

## ئىككىنچى باب

ئۇلار خۇددى يايلاقتىكى غەزەپكە كەلگەن بۆرىلەردەك چەبدەسلىك بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئۆزىنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىپايان قومۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى.

ــ ب. ئا. لاۋرېنېپ: «قىرىق بىرىنچى»

ــ باندىتلار!!!

جەڭچىلەر باندىتلارنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە خەۋەر بەرگۈچە دەھشەتلىك ئوق يامغۇرىنىڭ ئاستىدا قالدى. مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مايور سالاھىدىن سىدىقوف ۋە كاپىتان تايچىمانلار پولك بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي، دەھشەتلىك قېچىۋاتقان جەڭچىلەرگە ۋارقىراۋاتاتتى:

ــ قاچماڭلار، قاچماڭلار، قايتىڭلار!...

ۋىژىلداۋاتقان ئوقلار، يىقىلىۋاتقان ئادەملەر، ئاتلار ۋە باشقا گۈلدۈر ـ غالاپلار ئارىسىدا بۇ بۇيرۇق ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. جەڭچىلەر ئۆز جېنى بىلەنلا بولۇپ قالغانىدى. تاغدىن قار كۆچكىنىدەك يوپۇرۇلۇپ چۈشكەن ئۈچ ـ تۆت يۈزدەك قۇيرۇچۇقنىڭ «چاقا باي!»، «يا مۇھەممەد!» دېگەن دەھشەتلىك ئورانى جىرا ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. مايور سالاھىدىن ۋە كاپىتان تايچىمان ئەھۋالنى كۆزىتىپ، چۈشەنگەندىن كېيىن، ئاخىرى توختىماي ئېتىشىپ، ئەجەللىك قورشاۋنىڭ جەنۇب تەرىپىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. پولكتىكى ئىككى يۈز نەپەردەك كوماندىر ـ جەڭچىدىن پەقەت ئون سەككىزىمىزلا بۇ دەھشەتلىك قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلىدۇق. قولىقىمىز تۈۋىدە يارىدار بولغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ: «مېنى ئېتىۋېتىڭلار،

قېرىنداشلار!...» دېگەن ئېچىنىشلىق نالە ـ زارى ئاڭلىنىپ تۇردى، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

بىزنىڭ بىر يۈز سەكسەن ئىككى نەپەر قاۋۇل جەڭچىمىز، ئاتلار ۋە بىر ماشىنا ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراق، پولكىنىڭ بىر يىللىق مائاشى ھەتتا پولك بايرىقىمۇ قۇيرۇقچۇقلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا قالدى. جەڭچىلەر ئاشۇ ئۆز تېنىنى يۇيۇۋاتقان سۈپسۈزۈك تاغ سۈيىدە، يېشىل قىرغاقتىكى غىلتاڭ تاشلار ئارىسىدا، چىمەنلىكلەردە، تىكەنلىك قارىغات، زىرىق تۈۋلىرىدە، ئۆلگەن ئاتلار ئارىسىدا سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى. ئۇلار ماڭا ئوخشاش ياش، نۇۋەر يىگىتلەر ئىدى. (مەن ئۇ چاغدا تېخى يىگىرمىگە كىرمىگەن يىگىت ئىدىم) ئاتا ـ ئانىسى، قوۋمى ـ قېرىنداشلىرى ھەتتا سۆيگەن قىزلىرى ئۇلارنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئۇلار غۇلجا، جىڭ، شىخۇ ۋە دۆربىلجىن، چۆچەكلەرنى ئازاد قىلىشتىكى دەھشەتلىك جەڭلەردىن ئامان چىققان ئەزىمەتلەر ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ غايىلىرى، شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار ئىدى... ئۇلار تاغ ـ دالانى تىترەتكەن، ئاسمان ـ زېمىننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ پىرقىرىتىۋەتكەن، يىلاندەك دەھشەتلىك ۋىژىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بۇ ئۆمرىدە كۆرمىگەن تاغ ـ جىرا ئارىسىدا سۈپسۈزۈك تاغ سۈيىنى، يېشىل چىمەنلىكنى قېنى بىلەن قىپقىزىل رەڭگە بوياپ يېتىشاتتى...

قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان قالدۇق قىسىم قورۇق تاغقا چىقتى. سۇمۇ، نانمۇ يوق ئىدى. ئوزۇق ـ تۈلۈك ماشىنىدا قالغان. جەڭچىلەر تىللىشاتتى، ۋارقىرىشاتتى، غەزەپلىنەتتى، ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالغان باندىتلار بىلەن ئېتىشاتتى. روھى چۈشكەن مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مايور سالاھىدىن جەڭچىلەرنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە چىدىماي ۋارقىرايتتى:

ــ مېنى ئېتىۋېتىڭلار، ئېتىۋېتىڭلار، ھەممە ئەيىب مەندە!...

مەن ئۇنىڭغا ھوميىپ ئاچچىقىم بىلەن دېدىم.

ــ سەن پولكقا جاۋاب قىلىشىڭ كېرەك!...

مەن پولكنىڭ سىياسىي باشقارما باشلىقى ئىدىم، ئۇنىڭغا مۇنداق ئاچچىقلىنىشىمدىمۇ مەلۇم ئاساس بار ئىدى:

بۇ 1947 ـ يىل سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئوسمان پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى تىزگىنلىۋالغان، ھەممە يەردە قۇيرۇقچۇقلار تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ئالتايدىن ئىككى سۇۋەز (ھەربىي ئالاقىچى) كەلدى. بىزنى ساربۇلاققا يۆتكەلسۇن دەپتۇ، بۇيرۇق بويىچە بىز ئىككى يۈز نەپەر كوماندىر ـ جەڭچى ماشىنىدا ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراق ۋە پولكنىڭ مائاشىنى ئېلىپ ساربۇلاققا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئىككى سوتكا ماڭغان بولساقمۇ بارار ـ تۇرار يېرىمىزنىڭ تايىنى بولماي، نىشانسىز ئادىشىپ قالدۇق. كوماندىرلار بىزگە يول باشلاپ كېتىۋاتقان قاناپىيە دېگەن پولك ئىمامىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۇنى بىر خادا تاشنىڭ قىسىلچىقىغا ئاپىرىپ، سوراققا تارتقانىدى، ئۇ ئىقرار قىلدى، ئۇ مىللىي ئارمىيەدىن ئۆزگەرگەن باندىت ئىدى. قاناپىيەگە ئوخشاش مۇشۇنداق خائىنلار مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى نۇرغۇن تالاپەتكە ئۇچرىتىۋەتكەنىدى. پولكىمىزنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان ياسىنوفمۇ جانكىرەيىنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلى قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان ۋە كېيىن ئېتىپ تاشلانغانىدى. (تەپسىلاتىغا قىزىقسىڭىز «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 16 ـ سانىغا قاراڭ)

پولك ئىمامى خائىن قاناپىيە ھازىرمۇ بىزنى ئەجەل سىرتمىقى ئىچىگە باشلاپ ماڭغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى تۇيۇپ قالدۇق. قاناپىيەنى باغلاپ، ئاتقا تېڭىپ ئېلىپ ماڭدۇق. شارقىراپ بۇژغۇن چاچرىتىپ، يېيىلىپ ئەركىن ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى ۋە تاغ قاپتاللىرىدا قىزىل قارىغاي، ئاق قېيىن، ئارچا ـ چېتەنلەر ئۆسكەن مەنزىرىسى گۈزەل ئالتاي لاگېرىغا كەلگەندە، كوماندىر سالاھىدىن قىسىمنى دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى. ھېرىپ ـ چارچاپ، تەرلەپ كەتكەن جەڭچىلەر بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، «ئۇھ» دېيىشتى ـ دە، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىشتى...

يىراقتىكى ئاق ئۆي ئالدىدا بىر ئات باغلاقلىق تۇراتتى. مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، «بۇ ئاتنى ئېنىقلاپ كۆرەيلى» دېۋىدىم، كوماندىر سالاھىدىن

قۇلاق تۇتمىدى، ئۇرۇشتا كىچىككىنە بىر ئىشتىمۇ بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايتتى. چۈنكى ئۇ جانغا بېرىپ تاقىلاتتى، مەن چېكىنىشۇردا ۋاقتىمدا رازۋېدكا قىسمىدا ئىشلىگەنىدىم. شۇڭا ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايتتىم. گۇمانىم توغرا چىقتى. ئات يوقاپ كەتتى، مەن جىددىيلىشىپ، ئەھۋالنى ئېيتقىلى سالاھىدىننىڭ ئالدىغا كېتىۋاتاتتىم، تاغدىن ئوران-چۇقان بىلەن قار كۆچكەندەك چۈشۈۋاتقان قىيىرچۇقلارنىڭ دەھشەتلىك ئوقى ۋىژىلداپ كېلىپ، سۇدا يۇيۇنۇۋاتقانلارنى، قىرغاقتا تۇرغانلارنى، دەم ئېلىپ چىمەنلىكتە سوزۇلۇپ ياتقانلارنى پات-پاراق قىلىۋەتتى. جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسمى مىلتىق-ئاپتوماتلىرىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئوقلار پوجاڭزىدەك پاراسلاپ، جىرا ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. بايىقى دەھشەتلىك قىچىش شۇ تۈپەيلى بولغانىدى. مەن كوماندىر سالاھىدىنغا ئاچچىقلىنىپ: «سەن پولكقا جاۋاب قىلىسەن!» دېگىنىم شۇ ۋەجىدىن ئىدى. مايور سالاھىدىننىڭ ئېگىز، ئۇزۇنتۇرا بەستى ۋىجىكلەپ كەتكەندەك، قوشۇقتەك كىچىك، قارا قۇمچاق يۈزى كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەنىدى...

## ئۈچىنچى باب

پايانسىز كەتكەن چۆل-سەھرادىن باشقا ھېچنەرسە كۆزگە چېلىقمايتتى. بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئۇزاقتىن قۇلىقىغا ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ قورقىنىدىن كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى.

—جېك لوندون: «ھاياتقا مۇھەببەت»

كەچ كىردى، ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى، ئاچلىق قىيناشقا باشلىدى. تۈنۈگۈندىن بېرى تۈزۈكرەك تاماقلىنالمىغانىدۇق. قىسىم چېچىلىپ كەتتى، قاراڭغۇدا ئادەملىرىمىز قورقۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى...

مەن ئۇدۇللا چۆلگە كىرىپ كېتىپتىمەن. بىر يەرلەرگە بېرىپ، ئۆزۈمنى توختىتىپ بەلگە ئوقى ئاتتىم، جاۋاب بولمىدى. كېتىۋاتىمەن، نەگە كېتىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. قاراڭغۇدا ئەتراپىنىمۇ ئىلغا قىلالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماڭا ناتونۇش، يات يەرلەر ئىدى. ئات تۈيىقى يۇمشاق تېگەتتى. تۈيىقى ئارىسىدا بىر نېمە شىلدىرلايتتى. قۇم بولسا كېرەك. ۋاقىت نەگە باردى؟ ئاي يوق، قاراڭغۇ ئاسماندا يۇلتۇزلار پىلدىر-پىلدىر قىلىپ سۇس نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئاسماننىڭ شىمالىي يانتۇلۇقىدا چۆمۈچ يۇلتۇزى كۆرۈندى، ئېھتىمال، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندۇ، مەن توختىماي ئاشۇ يۇلتۇزنى بويلاپ ماڭدىم. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق باستى، سۇدانىدىكى ئاخىرقى بىر تامچە سۇنىمۇ ئىچىپ بولغانىدىم. ئاخىرى بىر تۆپىلىكتە ئاتتىن چۈشتۈم، چارچىدىم. ئاتىمۇ چارچىغانىدى، چەكسىز چۆل-دالادا غانجۇغامدىكى ھەربىي شىنىل، ئەدىياللىرىمنى ئېلىپ ئۆزۈمگە ئورۇن سالدىم، ئاتنى پۇتۇمغا باغلىدىم-دە، شىنىلنى يېپىنىپ ياتتىم...

ئاچلىقتىن ئۈچەيلىرىم تولغىناتتى، ئېچىشاتتى. كېچە ئاسمىنىغا قاراپ ئۇيقۇم كەلمەيتتى. بەزىدە كۆزۈم ئىلىنىپ قالاتتى-دە، ھايال ئۆتمەي يەنە ئويغىنىپ كېتەتتىم، قايسى چاغدا ئۇخلاپ قالدىم، بىلمىدىم...

ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا ئۈستۈمدىكى قۇملارنى سىلكىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاسماندا شامال پۈركۈۋەتكەن خىلمۇ-خىل بۇلۇت پارچىلىرى ئاستا لەيلەپ يۈرۈشەتتى. كۆز ئالدىمدا قۇمساڭغۇ، ئېگىز-پەس تۆپىلىكلەر، ئۇپۇق سىزىقىغا قەدەر سوزۇلۇپ ياتقان چەكسىز چۆل ھومىيىپ ياتاتتى. ئۇنىڭدا گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ، چاتقاللاردىن ئەسەر يوق ئىدى. پەقەت ئۇيەر-بۇيەردە پاكار ئۆسكەن سوك-سوك، يانتاق، ئادراسمان، بۆز تىكەن، يىكەن ۋە قىزىل يۇلغۇنلارلا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ قورقۇنچلۇق چۆل خۇددى دەم تارتىدىغان ئەجدىھادەك ھۆزۈلاپ ياتاتتى. ئارىلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان شامالدا پاكار قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىكى بوش قۇملار سىيرىلىپ تۆۋەنگە ئېقىۋاتاتتى.

چاي قاينىتىشقا، ناشتا قىلىشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. سومكامنى قېقىشتۇرۇپ، سۇخارنىڭ ئاخىرقى ئۇۋاقلىرىنى ئاغزىمغا سېلىپ، ناشتا قىلدىم ـ دە، ئاتقا مىندىم. بىر مەنزىلگە يېتىۋېلىشىم زۆرۈر ئىدى. ئۇ يەردە بەلكى قىسمىتىمنى ئۇچرىتىپ قالارمەن!...

يولدا قۇيرۇچۇقلارنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەربىي كىيىملىرىمنى سېلىۋەتتىم. ئۇنى تۈگۈنچەك قىلىپ، ئاتقا غانجۇغىلاپ چۆل ئىچىگە كىرىپ كەتتىم...

يەنە بىر سوتكا ئۆتتى، تۇرۇپ قالغان يامغۇر سۇلىرىنى ئىچتىم، بىر يىلاننى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ يېدىم. خەنجىرىم بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى، قۇيرۇقىنى كېسىۋەتتىم ـ دە، تېرىسىنى شىلىۋەتتىم. ئاچكۆزلۈك بىلەن بىر باشتىن قېزا يېگەندەك چايناپ يېدىم، تەمىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم. ھەرھالدا ماغدۇرۇمغا كەلگەندەك بولدۇم ـ دە، يەنە ئاتنى مىنىپ يولغا چۈشتۈم. يەنە كەچ كىردى، تاڭ ئاتتى. بۇ تاقىر چۆل مېنى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتمەيۋاتاتتى، ئۈچ سوتكا...

ئاچلىقتىن بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشقاندەك، قورساقلىرىم چاپلىشىپ قالغاندەك بولدى، كالپۇكلىرىم گەز ـ گەز بولۇپ، تىللىرىم قۇرۇپ كەتتى. ئات ئۈستىدە ئېگىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتتىم. ئاچ قالغان بۇ جانىۋارمۇ يولدا توختاپ ـ توختاپ ئۇچرىغان چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالمايتتى. ئاشۇ ئات يەۋاتقان ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدىن مەن يەيدىغان بىرەر نەرسە ئۇچراپ قالارمۇ دەپ، ئاتتىن چۈشۈپ كۆزۈمنى تۆت تەرەپكە ئاتتىم. ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، غوللىرىنى، بەزىلىرىنىڭ يىلتىزلىرىنى تاتىلاشتۇرۇپ چىقىرىپ ئاغزىمغا سېلىپ چايناپ باقتىم، ئۇلار قېرىق، بەزىلىرى ئاچچىق، زەھەرلىك ئىدى. كۆڭلۈم ئېلىشىپ ھۆ قىلىۋەتتىم. تىل ۋە تاڭلايلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە بەزىلىرىنى غەيرەت بىلەن چايناپ ـ چايناپ يۇتۇۋەتتىم...

ئالدىمدىلا بىر كەسلەنچۈكنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزىنى كۆرۈپ قالدىم، قاچتى. چۆل كەسلەنچۈكىنىڭ دورا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم، قېچىپ كەتتى، شەپكەمنى ئاتتىم، ئۇ شەپكەمنىڭ ئىچىدىن يەنە قېچىپ كەتتى، قوغلىدىم، يېتىشىۋالدىم، يەنە قېچىپ كەتتى، ئاخىرى ئۇنىڭغا يەنە يېتىشىۋالدىم ـ دە، ئۆزۈمنى ئاتتىم، يۈزلىرىم تىلىنىپ كەتتى، ناھايىتى تەستە گەۋدەمنى كۆتۈرۈپ ئاستىمغا قارىدىم، كەسلەنچۈك مەيدەمنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ ياتاتتى. زورىغا ئوڭدامغا ئۆرۈلدۈم...

تۈنۈگۈنكىدەك ئاسماندا يەنە بىر توپ ئۆردەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلار ناھايىتى پەس، بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا دېگۈدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. مىلتىقىم بىلەن ئۇلارنى ئوڭايلا ئېتىۋالغىلى بولاتتى. بىراق، تۈنۈگۈنمۇ ئۇلارنى نىشانغا ئېلىپ تەپكىنى بېسىش ۋاقتىدا مىلتىقتا بىر تاللا ئوق بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ، ئۇنى جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ئىشلىتىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئۆردەكلەر ئۇچۇپ كەتتى...

كەچكە تارتىپ يامغۇر سىمىلداشقا باشلىدى. چۆل كېچىسى سوۋۇپ كەتتى. قارامتۇل، كۈلرەڭ ئاسمان سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. جىمجىت، ۋەھىمىلىك چۆل، قارا ئاسمان... ئادەمنى يەيتتى. كېتىۋاتىمەن، قانچىلىك يول يۈردۈم، بىلمەيمەن. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۈستى ـ بېشىم پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتتى، توڭلاشقا باشلىدىم، ئەمدى يول مېڭىشقا ھالىم قالمىغانىدى. بىر يوغان تاش تۈۋىگە بېرىپ، ئاتتىن چۈشتۈم. ئاتنى تاشقا باغلاپ دالدا قىلدىم. ئەدىيال ۋە شىنىلىم ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئەدىيالنى تاشقا ئارتىپ دالدا قىلدىم ـ دە، شىنېلنى كىيىپ ئولتۇردۇم. ئاچلىق قىيناپ ئەقلىمنى يەۋاتاتتى.

ماغدۇرسىزلىنىپ، نۇرسىزلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىمگە ئاجايىپ شېرىن تائاملارنىڭ سۈرىتى كېلىۋالدى. ھوشۇمنى يوقىتىۋاتاتتىم...

بۇ چۆلدىن چىقالماي بېشىم ئۆرەپ قالغان، نەگە بېرىپ نەدە تۈرۈشۈمنىمۇ بىلەلمەي قالغانىدىم. يامغۇرلۇق، قاپقاراڭغۇ ئاشۇ دەھشەتلىك تەنھا كېچىدە چۆل مېنى سىقىپ كېلىمنى بوغۇۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ئىچ ـ ئىچىمدىن بىر پىغان ئۆرلەيتتى، ئېسەدەپ يىغلىدىم. پۈتۈن بەدەن ـ بەدەنلىرىم لاغىلداپ، سىلكىنىپ شىنىلىم ئۈستۈمدىن چۈشۈپ كەتتى. ياشلىرىم يامغۇر تامچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى... ئاشۇ ھالەتتە، تاشقا يۆلەنگەن بويىچە قاچان

ئۇخلاپ قالدىم، بىلمىدىم...

يەنە تاڭ ئاتتى، ئاسمان سۈزۈلگەن، شەرقتە قۇياش پارقىراپ چىقىۋاتاتتى. پۈتۈن بەدىنىم لايدەك ئېزىلىپ كەتكەن، ئۇگە-ئۇگىلىرىم ئۇيۇشۇپ تومۇردەك قېتىپ قالغانىدى. غەيرىتىمگە ئېلىپ پۇت-قوللىرىمنى ھەرىكەتلەندۈردۈم. كىمناستىكا ئوينىدىم، قانلىرىم قىزىدى. ئەمما ماغدۇرسىز ئىدىم. قورسىقىم يەنە سانجىشقا، ئاچلىق قىيناشقا باشلىدى. يەنە يولغا چۈشتۈم...

ئاھ، چۈچۈكبۇيا!... چۈچۈكبۇينى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى ئاتتىن ئاتتىم. خەنجىرىم بىلەن كولاپ چىقاردىم، چاينىدىم، يېدىم. ئاشۇ ئەتراپتا چۈچۈكبۇيا ئىزدەپ پىرقىراپ يۈردۈم. تاپتىم، يېدىم، شۈمدۈم...

بۇ چۆلدىن چاپسانراق چىقىۋېلىشنىلا ئويلايتتىم. ئەمما چىقالمايۋاتاتتىم، يەنە ماڭدىم، ماڭا-ماڭا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چەكسىز قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. ئالتاينىڭ سوغۇق، قىرو پەسلى كىرگەنىدى. ئەتىگەنلىكى ئەتراپنى ئاپئاق قىرو قاپلاپ كېتەتتى. سوغۇق شامال مۇزدەك قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە پىرقىرايتتى. قۇملار تۆۋەنگە ئۇچاتتى. ئۇلار بەزىدە يىلاندەك ۋىژىلدىشاتتى. ئالدىدا ۋە ئەتراپتا سۇس قۇم تومانلىرى ھاسىل بولاتتى. قۇملار ئاتنىڭ كۆزىگە كىرىپ كېتەتتى. ئاتنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى قۇم سىيرىلىپ ئاتنى ئىلگىرلەتمەيتتى. ئاتتىن چۈشتۈم، ئەمما نېمە قىلىشىمنى، قانداق مېڭىشىمنى بىلمەيتتىم. بۇ چەكسىز قۇملۇقتىن چىقىپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمەيتتى. بىر قۇم بارخىنىدىن جاننى تىكىپ مىڭ تەستە ھالقىسام، ئالدىمدا يەنە يېڭى قۇم بارخانلىرى ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئايىغى چىقمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

قۇملۇقتىن چىقىپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمەيۋاتاتتى. بىر ئەپلىك ئورۇننى تېپىپ، ئاتنى يالىڭاچلاپ قويۇۋەتتىم. ئاتنىڭ دۈمبىسى قىپقىزىل گۆش بولۇپ كەتكەنىدى. ئوڭدامغا ياتتىم، تۇردۇم، ئويلىدىم، ئاخىرى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن بىر تاختايغا كۆزۈم چۈشتى. مەن ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن، ئۆلۈۋېلىشنى قارار قىلغانىدىم. تاختاينى ئالدىم-دە، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يازدىم:

«پودپورۇچىك نىزاموف قاسىمجان. قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-پولكىنىڭ سىياسىي باشقارما باشلىقى، 19 ياش، ئاداشتىم، ئۆزۈمنى-ئۆزۈم ئېتىۋەتتىم!...»

تاختاينى قۇمغا سانجىدىم. چەكسىز قۇملۇققا قارىدىم. قورقۇنچلۇق قۇملۇق يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك مېنى دەم تارتىۋاتاتتى. ئېتىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قورساق غېمىدە يىراققا كەتكەن بولسا كېرەك. بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ئېغىزىغا چىققۇدەك ئوت-چۆپمۇ يوق ئىدى. بۇ چەكسىز قۇم دېڭىزىغا قارىغانسېرى روھىم چۈشۈپ ئۆلۈم مېنى چىللايتتى. كەچكى شەپەق قىزىل قاندەك كۆرۈنەتتى، بۇ سائەت، بۇ دەقىقىدە ماڭا ئۈمىد بېغىشلايدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى: «ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالماپتۇ!...»

ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئورۇننى سالدىم. ھەممە تەييارلىق پۈتكەنىدى. «خەير دۇنيا، خەير ئەزىز قېرىنداشلار، خەير ئانا ۋەتەن!...» ئېسىمدە مىلتىقتا پەقەت بىر تاللا ئوق قالغان. ئۇ بايا مېنىڭ ئەجىلىمگە ئاتالغانىكەن، ئاشۇ بىر تال ئوق!...

مىلتىقنى قولۇمغا ئالدىم. خېلىغىچە قوللىرىم جالاقلاپ تىترەپ تۇردى. مۇنداق ئەھۋالدا مىلتىقنى قانداقمۇ ئاتقىلى بولسۇن. ئۆزۈمنى توختاتتىم. قوللىرىمنىڭ تىترىشىمۇ بېسىلدى. جەھلىم قېتىپ، مىلتىقنى مەيدەمگە تىرىدىم، يەنە چۆلگە قارىدىم:

چۆل بىردىنلا ياپيېشىل يايلاققا ئايلاندى. ئۇ يەردە چىرايى قازاقلارغا ئوخشايدىغان قىزىل، دۈگىلەك يۈزلۈك، مېھرىبان دادام جەدە ئېتىنى مىنىپ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرەتتى. «دادا!، جېنىم دادا!...»

مەن ئانامنى بىلمەيتتىم. ئانام مېنى تۇغقاندا تۇغۇت ئۈستىدە كېتىپ قالغانىكەن، مېنى سىپىرىم مومام باققانىكەن... دادامنى «نىزام يىلقىچى» دېيىشەتتى. ئۇ يىل بويى مەھەللىدىكىلەرنىڭ يىلقىسىنى باقاتتى. ماڭا بەش يېشىمدىلا ئات مىنىشنى ئۆگەتكەن، مەن ئاتلارنى باشقۇرغۇدەك بولغىنىمدا ئۇ مېنى تاشلاپ ئانامنىڭ يېنىغا كېتىپ قالغانىدى...

مەن باشقىلار بىلەن بىللە يىلقا باقتىم، ئوقۇدۇم، بىز يىلقىلارنى يازدا توغرىسۇ يايلىقىدا، قىشتا قارا

سۇدا باقاتتۇق. بەزىدە ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە ئېدىرلاردا كېچىلىرى ئات بېقىپ چىقاتتۇق. كېچە گۈلخان يېقىپ، چۆچەك ئېيتىشاتتۇق. قىزىلچا، ياڭيۇلارنى قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ يېيىشەتتۇق، چاقچاقلىشاتتۇق، ناخشا ئېيتىشاتتۇق:

جانىم بوز ئات، خانىم بوز ئات،
بويىنۇڭنى ئۇزات.
بۆگۈن كېچە يار قېشىغا،
يەتكۈزگىن بوز ئات.

بۇ ئاشۇ چاغلاردا ئېيتقان ناخشىلار ئىدى. ھازىر بىردىنلا ئېسىمگە كېلىپ قالدى. يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتى، يىغلىۋەتتىم...

كېيىن غۇلجىغا كىرىپ ھارۋىكەشلىك قىلدىم، تويىدەگدىكى خۇڭ دېما دېگەن تۆگكانغا ئىشلىدىم. ئۇ تۆگكان ئەپيۇن ساتاتتى. كېيىن خەنزۇ بازىرىدىكى ليۇڭ خۇا دېگەن مانجۇنىڭ خادىك ھارۋىسىنى بىر قىش ھەيدىدىم.

1944 ـ يىلى غۇلجىدا مەخپىي ئازادلىق تەشكىلاتى قۇرۇلدى. پارتىزان بولدۇم، كېيىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بولۇپ ئۇرۇشلارغا قاتناشتىم. مانا ھازىر بۇ قوملۇقتا...

كۆز ئالدىمدا يەنە دەھشەتلىك قوملۇق، خەير، ياشلىق ھاياتىم، جەڭچى ھاياتىم!... كورجوكقا باشمالتىقىمنى تىقتىم، كۆزۈمنى يۇمدۇم، باستىم!...

پۈتۈن گەۋدەم تىترەپ كەتتى. ھوشۇم يوقالدى. بىر ئازدىن كېيىن كۆزۈمنى ئاستا ئاچتىم، سوزنايلىنىپ ئوڭدا يېتىپتىمەن، بېشىمدا كۆك ئاسمان، تىرىك ئىكەنمەن. يەنى بايىقى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش: چەكسىز قوم دېڭىزى، ھالاكەت دېڭىزى...

مىلتىق ئېتىلماپتۇ، ئوق نەمدىشىپ قالغانىكەن. مىلتىقنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتىم ـ دە، سوزنايلىنىپ ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتتىم...

چۈش كۆرۈپتىمەن: «بالام، تۇرغىن!...» دادامنىڭ ئاۋازى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. تاڭ سوزۇلۇپ قاپتۇ. تۇۋا، بېشىمدا ئاق بوز ئېتىم چاپچىپ تۇرۇپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاتنىڭ بويىنىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى: «ھەي جانىۋار، ئەي ئەقىللىق بوز ئېتىم، قانىتىم، مەندىن ئايرىلغۇڭ كەلمىدىمۇ؟ مېنىڭ ۋاپادار تولپارىم! مەن قانداق قىلاي، بۇ چۆلدىن قانداق چىقىپ كېتەي!... قانداق قىلىمىز؟!...» ئات مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنگەندەك بېشىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ تۇراتتى. ئېغىزدۇرۇقىنى چاينايتتى. تۇۋا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇمۇ يىغلاۋاتاتتى...

بۇ قەدىردان بوز ئېتىم ماڭا چىڭگىشۇردىكى جەڭدە ئولجىغا چۈشكەنىدى. ئۇ چاغدا چىڭگىشۇردىكى گومىنداڭ قىسىملىرى ئىككى ماشىنا قومۇشقا ئوت قويۇۋېتىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ بەدەر قاچقانىدى. ئېگەر ـ توقۇملۇق مۇشۇ بوز ئات كۆيۈۋاتقان ماشىنا يېنىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مەن ئۇنى بىر قورۇغا سولىۋېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدىم. شۇندىن بۇيان ئۇ مەن بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بىللە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئېتىم چاپچىپ، پۇشقۇرۇپ جايىدا تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان قومتاغقا تىكىلگەن، بۇرۇن چاناقلىرى كېرىلگەن، نەپسى تېزلەشكەن ئىدى.

ئۇ بىر نېمىنى سەزگەندەك قىلاتتى. مەن ئۇنى ئېگەرلەپ قويۇۋەتتىم. ئۇنى مىنىشكە ماغدۇرۇم يەتمەيتتى. قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالدىم...

شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قوم بارخانلىرى تاغ چوققىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى قولۇمغا مەھكەم يۆگەپ، ئايىغىم ئاستىدىكى سىيرىلىپ تۇرغان قومنى دەسسەپ ـ مۆدۈرۈپ، دەلدەڭشىپ، سەنتۈرۈلۈپ ماڭدىم. ئات مېنى قومتاغنىڭ يانباغرى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. يانباغرىدا قۇملار ئايىغىم ئاستىدا سىيرىلىپ ئۆرە تۇرغۇزمايتتى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا يىقىلاتتىم، يەنە تۇراتتىم، يەنە يىقىلاتتىم. بەزىدە سىيرىلىپ چۈشكەن قۇمغا كۆمۈلۈپ قالاتتىم، ئات توختاپ قالاتتى، يەنە كۆچىنىپ ئۆرە بولاتتىم ـ دە، يەنە ئىككىي قەدەم مېڭىپلا ئوق تەگكەن جەڭچىدەك دومىلاپ چۈشەتتىم. يەنە تۇراتتىم، يەنە دومىلايتتىم...

ئاخىرى ھالسىزلىنىپ تۇرالماي قالدىم. قەدىردان بوز ئېتىم قارا تەرگە چۆمۈپ كەتسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچى بىلەن مېنى سىلىق قۇمدا چانا سۆرىگەندەك

ئاھايىتى تەستە پۇشۇلداپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئازراقلا مېڭىپ توختاپ قالاتتى، دېمىنى ئېلىۋېلىپ، يەنە ماڭاتتى. يەنە توختايتتى. ھاسرايتتى، ماڭاتتى ...

قۇمتاغنىڭ چوققىسىغا چىقتۇق. مەن دۈم ياتقان ھالەتتە بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمىگەن ھالدا يىغلىۋەتتىم. زەئىپ ئاۋازىم ئۆزۈمگە بىلىنەر-بىلىنمەس ئارانلا ئاڭلاندى:

— بۇرۇلتوقاي! ...

## ئونىنچى باب

«قازاقتار كۆكپەردى كۆرگەندە دۈنيەنى ۇمىتىپ كەتەدى.» — بىر قازاق اقىننان

ئۇيغۇرچىسى: «قازاقلار ئوغلاقنى كۆرسە دۇنيانى ئۇنتۇپ قالىدۇ.» — بىر قازاق شائىرىدىن

ھوشۇمغا كەلسەم تال بىلەن توقۇلغان ئۆيدە يېتىپتىمەن. بۇ ئۆيگە قاچان، قانداق كېلىپ قالدىم، بىلەلمىدىم. قۇمتاغنىڭ ئۈستىگە چىققىنىم غۇۋا ئېسىمدە. كېيىن نېمە بولدى، بىلمىدىم. بېشىغا قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن تۆت بۇرجەك دوپپا كىيىۋالغان، قىزىل يۈزلۈك، ئاپئاق، ئۇزۇن ساقاللىق بوۋاي ۋە خىلمۇ-خىل كىيىم-كېچەك كىيىشىۋالغان قازاق ئاياللىرى غەلىتە بىر نېمىنى كۆرۈشىۋاتقاندەك ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. مېنىڭ ھوشۇمغا كەلگىنىمنى كۆرۈپ، بەزىلىرى كۈلۈمسىرەشتى، ھىجايدى، ... «ۋي باي قۇدا ياي!...» دېيىشىپ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتى...

مېنىڭ چاچ-ساقاللىرىم ئۆسۈپ كەتكەن، قورۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان. رەڭگىرويىم ياۋا ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغان، ئاۋازىمۇ ناھايىتى زەئىپ، بوش چىقاتتى. ئۇلار ماڭا سۈت ئىچكۈزۈشتى، كېيىن چاي ۋە نان بېرىشتى، قورسىقىم تويغان بولسىمۇ، كۆزۈم داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرگە تويمايۋاتاتتى، مەن ياتقىچە داستىخان يىغىلمىدى، ئۇلار مېنىڭ ئاچ قالغىنىمنى بىلگەنىدى ...

بۇ ئەھمەد ئىمام دېگەن ئاقساقالنىڭ ئۆيى ئىكەن. ئۇلار مېنى ئاشۇ قۇمتاغدا ھوشۇمدىن كەتكەن چېغىمدا كۆرۈپ قېلىپ بۇ ئۆيگە ئېلىپ كەلگەنىكەن.

ئەھمەد ئىمام بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىپ، مەسچىتكە ماڭىدىغان چېغىدا مەن ئۇنىڭغا بىر ھەربىي ئەدىيال ۋە تەكىيىمنى بەردىم ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئاقساقال، مەسچىتكە چىققاندا ماڭا بىر دۇئا قىلىپ قويۇڭ! — دېدىم.

بوۋاي مەسچىتكە چىقىپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ مەسچىتتىن كىرىپ:

— يىگىت، ئاللادىن ئامانلىقىڭنى تىلەپ دۇئا قىلىپ يالۋۇردۇم، ئۆزۈڭگە كەلدىڭ، بۇ يەرگە تېنەپ كېلىپ قاپسەن، تىز يوقال!...

— بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىسەن، بۇ ئەتراپنىڭ ھەممىسىدە باتۇرنىڭ ئادەملىرى بار، بىزنى بالاغا قويما! — دېدى ۋە ماڭا ئازراق نان، قۇرۇت ھازىرلاپ بەردى.

— ئاياللار كۆز يېشى قىلىشتى. ئەھمەد ئىمامۇ: «بالام، ئېھتىيات قىل!» دەپ ئاتقا ئۆزى مىندۈرۈپ قويدى. مەن يولغا چۈشتۈم بىراق قاياققا بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. بۇ ئەتراپتا مەن باش تىققۇدەك، خاتىرجەم ئارام ئالغۇدەك بىرەر پاناھگاھ يوق ئىدى. تۆت ئەتراپىم باندىت — قويرۇچۇق. مەن خۇددى قەپەسكە چۈشۈپ قالغان بۆرە ئىدىم. «تەۋەككۈل!» دەپ ئاتنىڭ بېشىنى ئارتقا بۇرىدىم. تېخى ئۈچ-تۆت ئۆيدىن ئۆزىمىغانىدىم، قەيەردىن چىققىنىنى بىلەلمەي قالدىم. ئۈچ باندىت ئالدىمنى تورۇۋالدى:

— كىمسەن، نەگە بارىسەن؟

— قارا ئىرتىشقا بارىمەن! — دېدىم مەن.

— تىلىڭنى تارت! — ئۇلار غەزەپلىنىپ قامچىسىنى كۆزۈمگە تەڭلەشتى، — ھەممىسنى باتۇر ئىگىلىدى.

ئۇلار مېنى ئارىغا ئېلىپ يالاپ ماڭدى ۋە ھاسىناقىن دېگەن بىر ئاقساقالنىڭ ئاۋۇلىغا ئاپاردى. ھاسىناقىن ئارانلا جېنى قالغان قېرى ئادەم ئىكەن. بايىقىلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئىكەن.

ئۆيگە كىردۇق، ئۇلار ھاسىناقىنغا مېنى تاپشۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئۆيدە بىر نەچچە ئايال بار ئىدى. ئۇلار چاي راسلاشتى. مەن بوۋاي بىلەن چاي

ئىچىشكە ئەمدىلا ئولتۇرغانىدىم، سىرتتا جېدەل باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار ۋارقىرىشاتتى، تىللىشاتتى، ھۆركىرىشەتتى... «گۇم!...» تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئوق ئاۋازى ھەممىمىزنى تىترىتىۋەتتى، ئارقىدىن بىرسىنىڭ ئېيىقتەك سەت ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. ھەممىمىز چۇچۇپ ئىشىككە تىكىلدۇق. بوۋاي چىقىپ كەتتى. باندىتلار مېنىڭ ئېتىمنى ۋە مىلتىقىمنى بۆلۈشەلمەي، قاتتىق جېدەل قىلىشىپ ئاخىرىدا جان ئاچچىقىدا بىرسىنى ئېتىپ قويۇشۇپتۇ....

ئىككى باندىت ئۆيگە بوراندەك كىردى، ئۇلارنىڭ كۆزىگە قان تولغان، ئەلپازى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. پاناق بۇرۇن، كۆزلىرى قىيسىق بىرى قەھرى بىلەن ماڭا ۋارقىرىدى:

— ھەممە بالانى تېرىغان سەن! چىق بوياققا، قانغا قان ئالىمىز! ئۇلار ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېنى تارتىشتۇرۇپ، سۆرەپ، قول ئارقاندا باغلاشتى ۋە ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ، ئۆينىڭ ئارقىسىغا سۆرەپ ئېلىپ بېرىشتى. قىبلىگە قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇشتى. مەن نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي گاراڭ بولۇپ قالدىم، پەقەت پىچاقنىڭ نېمىگىدۇر بىر نېمىگە «شىرت ـ شىرت» قىلىپ تېگىۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىۋاتاتتى. «ھە، ئۇلار پىچاق بىلەۋاتقان ئوخشايدۇ، ئۇلار مېنى قويدەك سويماقچى ئىكەن ـ دە، تو ۋا!!...»

«شىرت ـ شىرت» قىلغان ئاۋاز توختاپ قالدى. نېمە بولىدىكىنا؟... كىمدۇر بىرسىنىڭ قوپال قولى مۇرەمنى تۇتتى. ئۇ مېنى باسماقچى بولۇۋاتاتتى. نەق شۇ چاغدا خۇددى ھاۋا تۇيۇقسىز گۈلدۈرلەپ كەتكەندەك: «ئوي باي قۇداي، ئۆلتۈرمەڭلار ئۇنى، ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇ گۇناھسىز!...» دېگەن دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىككى كېلىنچەك پىچاققا ئېسىلدى. جاللاتلار تەمتىرەپ قالدى. بىرى يېنىدىكى كالا پوقىغا تېيىلىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. پىچاق تۇتقىنى بولسا ئالدىراپ پىچىقىنى غىلىپىغا سالدى:

— كېرەك يوق، بۈگۈن بولمىسا ئەرتە يەنە كۈن بار، قانغا قان ئالماي قويمايمىز! — دېدى ـ دە، ئاتلىرىنى مىنىشىپ يوقالدى ...

ئايالار مېنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. كەچتە تاماق يەۋاتقاندا بوۋاي ھاسناقىن ماڭا دېدى:

— بالام، سېنى بىر كېچە ئاران ساقلىيالايمەن، ئەتە نېمە بولۇشۇڭنى بىلمەيمەن، خۇدا بىلىدۇ...

ياتار ۋاقتى بولغاندا بوۋاي مېنى باشلاپ چىقىپ تېرىق خامىنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە پاخال ئاستىغا ياتقۇزدى. ئۆزى مېنىڭ ئۈستۈمدە ياتتى. سەھەردە چۈش كۆرۈپتىمەن: دادام «بالام، قوپ، نامىزىڭنى ئوقۇغىن!» دەۋاتقۇدەك، ماڭا ئاق ئىشتان، ئاق كۆڭلەك ئېلىپ كەپتۇ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. تاڭ ئېتىپتۇ.

ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇرغانىدۇق. ئۆي ئەتراپىدا ئاتلارنىڭ دۈكۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ كەتتىم، يەنە ئەنسىزلىك باشلاندى. بۈگۈن تەقدىرىم قانداق بولاركىن، ئۇلار مېنى نېمە قىلاركىن؟ ئېتىۋېتەرمۇ، بوغۇزلىۋېتەرمۇ، باغلاپ ئېلىپ كېتەرمۇ؟!... قورقۇنچتا كېلىمىدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى. تۇياقلارنىڭ دۈكۈرلىشىگە قارىغاندا ئاتلار كۆپ ئىدى. ئىشىك تۈۋىدىلا بىر باندىتنىڭ غەزەپلىك ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— ھاي سارت، چىق بوياققا!

بوۋاي ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ قورۇق باسقان سوزۇنچاق ئەتسىز يۈزىدە بىچارىلىك، ئېچىنىش ۋە غەمكىنلىك ئەكس ئەتتى. سارغۇچ بادامسىمان كۆزلىرى مۆلگە تولدى. قىسقا چار ساقىلى تىترەپ كەتتى. ئاياللارنىڭ قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ھەممىنىڭ كۆزى مەندە ئىدى. ئورنۇمدىن ئاستا تۇردۇم، ئۆز ـ ئۆزۈمگە غەيرەت بەردىم: «مەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيەسىنىڭ جەڭچىسى. ۋەتەن ئۈچۈن جەڭگە كىردىم، ماڭا ئوخشاش نى يىگىتلەر قۇربان بولۇپ كەتتىغۇ، دوستۇم پودپولكوۋنىك يۈسۈپجانمۇ (يۈسۈپجان ياسىنوف) قۇربان بولۇپ كەتتىغۇ... ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەن نېمە؟ چىقسام چىقتىم، قولۇڭدىن كەلگەننى قىلىش باندىتلار!...»

ئىش مەن ئويلىغاندەك بولمىدى، ئۇلار مېنى باغلاپ بوغۇزلىمىدى، يا مىلتىق بىلەن ئاتمىدى يا قىلىچ بىلەن چاپمىدى. ئۆيدىن چىقىشىم بىلەن 50 ـ 60 تەك ئاتلىق قازاققا كۆزۈم چۈشتى. ئۇلار چاپچىپ، ئويناقشىپ، تىزگىن سىيرىپ تۇرغان

ئاتلىرى ئۈستىدە ھەيۋە بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. مەن ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدىكى بەزى بەلگىلەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ يېرىمىنىڭ ئالتاينىڭ يەرلىك قەبىلىسى كېرەي، يەنە بىرلىرىنىڭ قازاقنىڭ چىنئەل دېگەن قەبىلىسى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. بۇ ئىككى قەبىلە ئادەملىرى مېنى نېمە قىلماقچىكىنا؟...

مېنىڭ پۇت-قولۇمنى مىدىرلىماس قىلىپ، قاتمۇ-قات، چەمبەرچاس باغلاشتى. ئاندىن بىرى مېنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ، ئۇزەڭگىسىنى كۆتۈرۈپ، تېقىمىغا چىڭ بېسىۋالدى-دە، توپنى يېرىپ چىقىشقا ئېتىنى دېۋىتتى، ئۇلار مېنى ئوغلاق قىلىپ تارتىشقا باشلىغانىدى ...»

مەن سابىق كاپىتانغا ھەيران بولۇپ تىكىلدىم:

—نېمە دەيسىزوي قاسىمجان ئاكا، ئوغلاق قىلىپ تارتتى؟!...

—ھە، ئوغلاق قىلىپ تارتتى،— قاسىمجان ئاكا ھەيران قالغان چىرايىمغا قاراپ جىددىي تەلەپپۇزدا ئېيتتى،—راست، ئىشەنمەيۋاتىسىز-ھە، بۇ رىۋايەت ئەمەس، چۆچەك ئەمەس، نەق بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار. قازاقلارنىڭ ئوغلاق تارتىش (كۆكپەر) خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن چېغى، ئۇرۇشتا ئوغلاق تارتالماي ئولجىغا چۈشكەن مېنى تارتىشتى. بۇ ئىككى قەبىلە كىشىلىرى شەرتلەشكەنىكەن. كىم مېنى تارتىپ كەتسە، ئولجا شۇنىڭ ئىكەن.

بىر قازاق ئاقىنى (شائىرى): «قازاقلار كۆكپەرنى (ئوغلاق تارتىشنى) كۆرگەندە دۇنيانى ئۇنتۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى. دېگەندەك ئۇلار مېنى ئوغلاق قىلىپ تارتىشقاندا دۇنيانى ئۇنتۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئايغىلاپ، ۋارقىرىشىپ، تەرلەپ-پىشىپ، قولۇمدىن، پۇتۇمدىن تارتىشاتتى. بەزىلىرى بېشىمنى تۇتۇۋالاتتى. بەزىدە ئات ئاستىغا چۈشۈپ كېتەتتىم. كۆزۈم قاراڭغۇلىشاتتى، ئاستا-ئاستا ھوشۇمدىن كېتەتتىم...

بىر چاغدا ھوشۇمغا كەلسەم، بىر قوم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە، يوغان، قىزىل يۇلغۇن تۈۋىدە يېتىپتىمەن. قازاقلار مېنى تارتا-تارتا مۇشۇ قوم دۆۋىسىگە تاشلاپ قويۇپتۇ. ھېرىپ، تەرلەپ ھالسىدىن كەتكەن بۇ «ئوغلاقچىلار» ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ئەتراپىمدا ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «تارتايلى!» دېيىشىۋاتىدۇ، بەزىلىرى:«بولدى قىلايلى، ئولجىنى ئېلىپ كېتەيلى!» دېيىشىۋاتىدۇ.

شۇ چاغدا يىراقتىن قاراگىر ئات مىنگەن بىرسىنىڭ كېلىۋاتقىنى كۆرۈندى. ئۇ ئېگىز، يوغان، دىقماق، قارا قۇمچاق قازاق ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ قازاقلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. «ئەھمەد باتۇر، ئەھمەد باتۇر!» دېيىشىپ كېتىشتى ئۇلار.

ئەھمەد باتۇر كەلدى. ئۇ توپقا سۇرلۇك نەزەر تاشلاپ:

—ئولجاڭلار قېنى؟ — دېۋىدى، مېنى كۆرسىتىشتى.

ئەھمەد باتۇر قاراگىرنى يېنىمغا ئەكېلىپ توختاتتى-دە، مېنى يۇلغۇن تۈۋىدىن توشقاننى يۇلغاندەك يۇلۇۋېلىپ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، بىر ئۆيگە ئېلىپ كەلدى.

ئەھمەد باتۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن ئاقسېرىق، قىرىق ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق ئايال چىقۋېدى، ئەھمەد باتۇر مېنى يەرگە قويۇپ:

—بۇنى ياخشى كۈتۈڭلار، ساقلاڭلار! — دېدى.

—مېنى يېشىشتى، پۇت-قوللىرىم كۆيۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى. ئۆيدە بىر نەچچە قورال تىكلەكلىك تۇرۇپتۇ. ئەھمەد باتۇرنىڭ ئادەملىرى ئۇ قوراللارنى دەررۇ ئېلىپ كېتىشتى. مەن بۇ ئۆيگە تۇتقۇن بولدۇم، لېكىن راستىمنى ئېيتقاندا مەن ئويلىمىغان، كۈتمىگەن ھالدا تەلەيلىك، ئەركىن تۇتقۇن بولدۇم!...

## بەشىنچى باب

ئېرتىشنىڭ ئىرجاغىنان كۆردۈم سېنى،
سېرغاڭدى قايىق قىلىپ ئىتكىز مەنى.
سېرغاڭنى قايىق قىلىپ ئىتكۈزبەسەڭ،

بولساڭدا خورىنىڭ قىزى كۆرمەي سەنى.
(ئېرتىشنىڭ ئۇ قېتىدا كۆردۈم سېنى،
ھالقاڭنى قىيىق قىلىپ ئۆتكۈز مېنى.
ھالقاڭنى قىيىق قىلىپ ئۆتكۈزمىسەڭ،
بولساڭمۇ پەرى قىزى كۆرمەي سېنى.)

— قازاق خەلق ئۆلەڭلىرىدىن

مەن تۇتقۇن قىلىنغان بۇ ئۆيدە پاكار بويلۇق بىر ئەر كاچا قازاق بار ئىدى. ئۇنىڭ سول كۆزى جىرتاق بولۇپ، سۆرۈن، دورداي كالپۇكلۇق سەت چىرايىنى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ تۇراتتى. كاچىنىڭ ئايالى 16 ـ 17 ياشلاردىكى چىرايلىق، ئوماق كېلىنچەك ئىدى. ئۇنىڭ تېگى ئاق، سۇزۇك، خۇددى بۇيان قويغاندەك قىپقىزىل يۈزى تۇنجى كۆرگەندىلا مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى. كۆپ ۋە يېڭى قىمىز ئىچكەن ئادەمنىڭلا يۈزى مۇشۇنداق ئاناردەك قىپقىزىل بولاتتى. ئۇنىڭ ئەگىم، قارلىغاچ قانىتىدەك چىرايلىق قېشى، قارىقاتتەك قاپقارا، ئېقى يوغان، سەل دۈگىلەكرەك كۆزلىرى، ئۆزىمۇ تۇشۇكلىرىمۇ كىچىك، قاڭشارلىق بۇرنى ئۇنى پەرىزاتتەك چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويىدى. ئۇ بېشىغا كۈمۈش، تەڭگە، مونچاق ۋە تۈرلۈك ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار كەشتىلەنگەن دوپپا كىيىۋالغان، ئىككى پېشىغا ھەر خىل رەڭلىك تۈگمە، تەڭگىلەر تاقالغان قارا پىنجەكنى بەكمۇ ياراشقان ئىدى. ئۇنى ئۆيدىكىلەر: «ئېرتىش» دەپ چاقىرىشاتتى.

ئېرتىش داستىخان راسلىدى. ئۇ ئۆينىڭ بىر ياغىچىغا باغلانغان (بۇ ئۆيلەر تال بىلەن ياسىلىپ، سىرتى لاي بىلەن سۇۋالغانىدى) سەل كىرلىشىپ قالغان داستىخاننى يېشىپ ئالدىمغا سالدى. داستىخان ئىچىدە توغرالغان نان، بوغۇرساقلار بار ئىدى. ئاندىن ئۇ يەنە بىر خالتىنى يېشىپ، ئىرىمچىك ئالدى، قايماق ۋە سارماي قويدى.

كاچا بىر ـ ئىككى چىنىلا چاي ئىچىپ بولدى قىلدى، ئۇ ئالقىنىغا بېشىنى قويۇپ، ئەيلەنگەن قوي تېرىسىنىڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتتى. مەن ۋە ھېلىقى چوڭ ئايال، ئېرتىش ئۈچىمىز بىللە چاي ئىچتۇق. ئېرتىش بىر پۇتى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ساماۋاردىن چاينى تەڭشەپ، ماڭا سۇنغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا ـ يېقىملىق بىر تەبەسسۇمنى سېزىپ قالاتتىم. ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدىم، چاچ ساقاللىرىمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن مەن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىمگە كەلگەنىدىم.

چاي ئىچىلىپ بولدى. ھېلىقى ئايالمۇ، كاچىمۇ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بايا بىرى كەلگەندەك قىلغانىدى. ئېرتىش ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. ئۇ ئاستا ئاۋازدا ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، ماڭا ئېچىندى:

— بۇ ئەتراپنىڭ ھەممىسىدە باتۇرنىڭ ئادەملىرى بار، سېنى ئېلىپ كەلگەن ئەھمەد باتۇر بۇ جىنىدى (ساراڭ) نىڭ ئاكىسى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا نۇرغۇن ئادىمى بار، ئاشۇ باتۇر مېنى بۇ جىنىدى ئىنىسىغا چاتقان. ئاپام يالغۇز، ئېرتىش بويىدا قالدى، بارغۇزمايدۇ، ئاپامنى تولا ئويلاپ يىغلايمەن... مەن مەيلى، بىراق سەن قانداق قىلارسەن، ياش ئىكەنسەن، بۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— مەن مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭچىسى، ئۆلۈمدىن قورقمايمەن ئېرتىش، نەچچە ئۆلۈپ تىرىلدىم، مەن قىسمىمنى تاپىمەن، جەڭ قىلىمەن، قۇيرۇچۇقلارنى يوقاتقاندا سەنمۇ ئازاد بولىسەن، ئاپاڭنىڭ قېشىغا بارالايسەن!...

— راستمۇ، شۇنداقمۇ بولارمۇ؟

— بولىدۇ، بىزنىڭ ئارمىيەمىزگە ھېچقانداق دۈشمەن تەڭ كېلەلمەيدۇ، بىز شۇنداق كۈچلۈك گومىنداڭنى يوقاتتۇق، ئوسماننىڭ تۆت توك ـ توك قۇيرۇچۇقى نېمە؟ ئىلىدىن بىزنىڭ جەڭگىۋار، چوڭ قوشۇن كېلىۋاتىدۇ. پات يېقىندا ئاپاڭ بىلەن كۆرۈشىسەن. پۈتۈن ئالتاينى ئازاد قىلىمىز.

— ئوسمان باتۇرنى يېڭەلەمدۇ؟ ئۇنىڭ نەچچە مىڭ ئەسكىرى بار دەيدۇ

—يېگىندۇ، چوقۇم يېگىندۇ. قاراپتۇر، مېنى راست سۆزلەپتىكەن دەپ قالسەن شۇ چاغدا...

ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا ئۈمىد ۋە خۇشاللىق شولىسى قوندى. ئۇ ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. مېنىڭمۇ قانلىرىم قىزىدى. كاچا كىردى. ئېرتىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك يېنىدىكى قازان تۈۋىدە ئۆي ياغىچىغا يۆلەپ قويغان بىر يوغان، سېرىق مانتا كاۋىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە ماڭا:

—بۇنى قانداق يەيدۇ، بىلەمسەن؟—دېدى.

—بىلىمەن، مانتا قىلىپ يەيدۇ، پىشۇرۇپ يەيدۇ.

ئېرتىش ھەيران بولغان ھالدا يەنە سورىدى:

—مەنتە، ئۇ قانداق نەرسە؟

—تاماق، يەيدىغان ئېسىل تاماق. بۇنى ئاقلاپ ئۇششاق توغرايسەن، ئاندىن ئۇششاق توغرالغان گۆش-مايىنى ئۇنىڭغا ئىلەشتۈرۈپ، خېمىردىن جىلتا ئېچىپ، ئاشۇ ئالقانندەك جىلتىغا تۈگىسەن. ئاندىن قازاندىكى سۇ ئۈستىگە جىمبىل قويۇپ، مانتىنى جىمبىلغا تىزىسەن. سۇنى قايناتساڭ، مانتا سۇنىڭ ھورىدا پىشىدۇ.

—ھوردا پىشىدۇ؟ ھوردىمۇ تاماق پىشامدۇ، بىزنى ئەخمەق كۆرمە!

—راست، ئەخمەق كۆرگىنىم يوق، يالغان ئېيتمىدىم، مانتا ھوردا پىشىدۇ. ئىشەنمىسەڭ ھەر قانداق ئۇيغۇردىن سوراپ باق.

—ئەمسە بىزگە مەنتە پىشۇرۇپ بەر، مەن گۆش توغراپ بېرەي.

—بىراق، بىسلەردە جىمبىل يوقتە.

—نېمە ئۇ جىمبىل دېگەن؟

—مانتا پىشۇرىدىغان نەرسە.

—ئۇ قەيەردە بار؟

—شەھەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە بار. ئەڭ ياخشىسى جىمبىل بولمىغاندىن كېيىن مەن كاۋىنى قازاندا پىشۇرۇپ بېرەي.

كاۋا پىشقاندا ئۇلار كاۋىنى يەپ «تاتلىق ئىكەن» دېيىشىپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. مەن تەرەتكە چىقماقچى بولۇپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم. كاچا بىر نېمىلەرنى شەرەتلەپ، يولۇمنى توسىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا تەرەتكە چىقىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم، ئەمما ئۇ غەرەز ئۇقمايدىغان، جاھىل كاچا ئىكەن. مېنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك ئارىغا كىرگەن ئېرتىشنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي ئىشىكنى مەھكەم تورايلا تۇردى. ئاچچىقىم كەلدى. ئېرتىش يەنىلا يالۋۇرۇپ ئۇنىڭغا شەرەتلەۋاتاتتى. غەزەپتە بىر تەپكەنىدىم، ئۇ كاچا ئوگدىسىغا چۈشۈپ، ئىشىكتە ئۇززۇنىسىغا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ يېرىم گەۋدىسى تالادا، بېلىنىڭ تۆۋىنى ئۆيدە بولۇپ قالدى.

ئەتراپنى چارلاپ يۈرگەن قۇيرۇچۇقلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قالدى، ئۇلار مېنى سۆرەپ ئاپىرىپ يۈلغۇنغا باغلاپ قويدى.

كەچ كىردى. بۇ تۈزلەڭ ۋادا قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئاستا-ئاستا كىرىپ كەتتى. كەچنىڭ سوغۇقى تېنىمنى مۇزلىتىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىرسىنىڭ شىپىلدىغان بوش ئاياغ تىۋىشى كەلدى، ئاندىن ئۇ ئىتتىك يېنىمغا كېلىپ، باغلاقنى يېشىشكە باشلىدى:

—ئېرتىش!...

—ئۇندىمە!—دېدى ئۇ،—مەن ئۇلارغا: «بۇ ئولجىنى ئەھمەد باتۇر بىزگە بەرگەن، بۇ يەردە ئۆلۈپ قالسا سىلەر جاۋاب بېرىسىلەر، مەن ئەھمەد باتۇرغا ئېيتىمەن دەپ سېنى ئاران سورىۋالدىم. تېز بول!...

يەنە ئىسسىق ئۆيگە، يەنە داستىخان ۋە گۈزەل ئېرتىش! تۈن نەگە كەتتى، بىلمىدىم، ئۇخلىيالمىدىم. بېشىمغا كېلىۋاتقان، كىشىلەرگە دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيدىغان بۇ قىسمەتلىرىمنى ئويلاپ ئويىان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ تولغىناتتىم. ئېھتىمال، تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالغاندۇ، كېچە غايەت تىنچ بولۇپ كەتكەنىدى، پەقەت بۇ تۈزلەڭ ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن بۇرۇلتوقاي دەرياسىنىڭ ئەنسىز شارقىراشلىرى كېچە تىنچلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. شۇ چاغدا، تۇيۇقسىز يوتقىنىم ئىچىدە يۇمشاق ۋە ئىسسىق بىر تەن تېنىمگە چاپلاشتى: ئېرتىش!...

ئېرتىش مېنى سۆيەتتى ۋە يىغلايتتى. قۇيرۇچۇقلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئاياللارغا ئېيتقان بولسا كېرەك. ئەتىسى نورغۇن قازاق ئاياللار ماڭا قۇرۇت، نان، تېرىق ئېلىپ كېلىشتى ۋە «ياش بالا

ئىكەن، ھارام ئۆلىدىغان بولدى!...» دېيىشىپ، يىغا-زار قىلىشىپ ئاللا-توۋا سېلىشتى. مەخسۇم دېگەن بىر ئادەم ئۇن نەچچە تۇخۇم بىلەن توغاچ ئەۋەتىپتۇ. ئاياللار، ئۆششاق باللار بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. ئەتراپىمدىكى ئاياللارنىڭ يىغا-زارىسى، ئاللا توۋىسى، ئۆلەڭ ھازىسى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار تولىمۇ مېھرىبان ئىدى، بەزىلىرى باش-كۆزۈمنى سىلىشاتتى، ئۆلەڭگە قوشۇپ يىغلىشاتتى. ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلىنىپ مەنمۇ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتىم... ئېھ ئانا، ئانا، گەرچە مەن ئانامنى كۆرمىگەن بولساممۇ، مانا مۇشۇلار ھەممىسى مېنىڭ ئانام، مېنىڭ مېھرىبانىم، غەمگۇزارىم، ئۇلار مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى كۆرۈپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىشىپ كەتتى، ئۇلار مېنىڭ بېھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىمگە چىدىمايۋاتاتتى...

قۇياش تاغقا باش قويدى. ئاياللارنىڭ دۇئاسى ۋە قان يېشى بىلەن مەن تېخىچىلا ھايات ئىدىم. ئاسمان ۋە قوڭۇر بۇلۇتلار كۆكسىدە سارغۇچ شەپەق نۇرلىرى ئوينايتتى. بۇ يامغۇردىن بېشارەت ئىدى.

قۇيرۇچۇقلار ئاياللارنىڭ ئاللا توۋىسىنى كۆرۈپ، مېنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشالماي ئۆكۈزدەك يوغان بىر پالۋاننى ئاۋۇلغا باشلاپ كېلىشتى. ئۇ ئەھمەد باتۇردىنمۇ كاتتا، ئوسمانىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى — مۇھەممەد باتۇر دېگەن باشلىق ئىكەن. ئۇ ئاياللارنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆيگە كىرىپ گۆش سالغۇزدى ۋە مېنى سوراق قىلدى:

—سەن كىم، ئاتا-ئاناڭ، ئاۋۇلىڭچۇ؟

—مەن دۆربىلجىنلىك خۇدابەردىنىڭ بالىسى، ئوقۇغۇچىمەن، بۇ يەرگە قوي ھەيدەپ كېلىپ قالدىم،—دېدىم مەن ئۇنىڭ دۈگىلەك، قىزىرىپ تۇرغان يۈزىگە قاراپ.

—سېنىڭدە باشلىق كىيىم بارغۇ،—دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

—نۇسۇپقان پولكوۋنىك ئاكامنىڭ ئاغىنىسى، بۇ كىيىمنى ئۇ ئاكامغا بەرگەنىكەن، مەن كىيىۋالدىم.

مۇھەممەد باتۇر بۆرە تېرىسىگە يانپاشلىدى:

—يۈلتۈزۈڭ نېمە؟—دېدى ئۇ چېقىر كۆزىنى ئوقتەك مۈرەمگە تىكىپ.

—ھەربىي بەلگە.

—ناھايىتى ياخشى،—دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ،—سەن جەڭ كۆرگەن بالا ئىكەنسەن. مەن سېنى باتۇرنىڭ قېشىغا باشلاپ بارىمەن. بەش يۈز ئەسكەرگە باشلىق قىلىپ سوقۇشقا سالىمەن.

—مەن سوقۇش قىلىشنى بىلمەيمەن. بەش يۈز ئەسكەرنىمۇ باشقۇرالمايمەن.

—بۇ بۇيرۇق!—دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ،—سوقۇشقا بارىسەن!...

—ياق، مەن ئوقۇغۇچى، سوقۇشقا بارمايمەن!—دېدىم مەنمۇ جاھىللىق بىلەن.

مۇھەممەد باتۇر جەينەكلەپ تۇردى، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى. دۈگىلەك، چىرايلىق قىزىل يۈزى تاتاردى. گۆشلۈك بۇرنىنىڭ يوغان تۆشۈكلىرى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. بادام قاپاقلىرى ساڭگىلىدى، چېقىر كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى:

—مەن كىم بىلەمسەن؟ ھېچكىم مېنىڭ بۇيرۇقۇمدىن باش تارتالمايدۇ. سەن جىندى (ساراڭ) بوپسەن. سوقۇشقا بارمىساڭ مۇشۇ يەردە چىرىپ قال، باغلاڭلار بۇنى!...

مۇھەممەد باتۇرنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان قۇيرۇچۇقلار ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، مېنى چەمبەرچاس باغلىۋېتىشتى. مۇھەممەد باتۇر ئۇلارغا بۇيرۇق قىلدى:

—جىلغىغا تاشلىۋېتىڭلار، قاشقىرلارغا يەم بولسۇن!...

ئۇلار مېنى ئۇرۇپ-دۇمبالاپ، ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان قاراڭغۇ جىلغىغا تاشلىۋېتىشتى. مەن بىرنەچچە دومىلاپ، يوغان بىر تاش يېنىدا قاپسىلىپ تۇرۇپ قالدىم. تاغىقىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. بايا بىرى قاتتىق تېپىۋەتكەنىدى. شۇنىڭغا ئاغرىدىمۇ، يا تاشقا تەگدىمۇ، بىلمىدىم. ئۇستىخانلىرىممۇ ئاغرىپ كەتتى...

مەن قاتتىقراق ھەرىكەتلىنىشكە ئېھتىيات قىلاتتىم. چۈنكى سەللا قاتتىق ھەرىكەت قىلسام جىلغا ئاستىغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتەتتىم.

يامغۇر سىمىلداشقا باشلىدى. ئېگەك يۈزلىرىم نەم تاش-شېغىلغا پېتىپ كەتتى. پۇت-قوللىرىم كۆيۈشۈپ قالدى، شۇ ھالەتتە قانچىلىك ياتتىم،

بىلمەيسەن. ئەگەر بۇ قاراڭغۇ، نەم جىلغىدا، توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇردا تاڭ ئاتقىچە ياتسام، ئەتىسى مۇزدەك قېتىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. تاغدا كېچىسى قاتتىق سوغۇق بولاتتى. يېقىنلا يەردىن قازاق ئىتلىرىنىڭ ئۇزۇق-ئۇزۇق ھاۋشىشلىرى، يىراقتىن، قەيەرلەردۇر بىر يەرلەردىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشىۋاتقان ۋەھىملىك ئاۋازى كېلەتتى. ئۇ بۆرىلەر بەلكىم يېقىنلا يەردۇر، ماڭا شۇنداق ئاڭلىنىۋاتىدۇ، ئېھتىمال، جىلغىنىڭ بېشىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار مېنىڭ ئىسىمنى ئېلىپلا قالسا ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىشەتتى...

مەن يېرىم ھوشسىز ھالدا مەيدەمنى نەم چۆپكە تىرەپ دۈم ياتاتتىم، مەيدەم ئىششىپ كەتتى. سەزگۈلىرىم پالەچلىنىپ قالغاندەك ئىدى. يامغۇر تېخىمۇ ئىتتىكلەۋاتاتتى. بوينۇمدىن كىرگەن سوغۇق يامغۇر تامچىلىرى مەيدەمگە چۈشۈپ ئىچىمنى تىترىتىۋاتاتتى...

ئاۋۇل تىمتاسلىققا چۆمدى. ئىتلارنىڭ ئاۋازىمۇ توختاپ قالدى. جىلغا ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك سېزىلدى. بۇرنۇمغا يامغۇر ئارىلاش نەمخۇش توپىنىڭ، چىرىگەن ئوت-چۆپلەرنىڭ، يەنە قانداقتۇر غەيرىي پۇراقلار ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يامغۇردا دۈمبەم مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى، ئېڭەكمنى ئۇششاق تاشقا تىرەپ، قاتتىق كۈچىنىپ يانچە بولۇۋالدىم ۋە تۈگۈلۈپ ياتتىم. تىترەشكە باشلىدىم. كېيىن نېمە بولدى، بىلمىدىم. بىرى مۈرەمنى يېنىك تارتقاندەك قىلدى. ئاندىن كۈچەپ ئولتۇرغۇزدى ۋە باش كۆزۈمنى سىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر تامچىسى بىلەن يېقىملىق بىر ھىد بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى:

— جانىم يىگىتىم، كۆزۈڭنى ئاچ!...

كۆزۈمنى تەستە ئاچتىم ۋە پىچىرلىدىم:

— ئېرتىش!...

ئۇ باش-كۆزۈمنى سىلاپ، مېنى قۇچاقلاپ سۆيدى-دە، ئاندىن جىددىي ھالدا مۇنداق دېدى:

— يىگىتىم، مەن ھازىر جېنىمنى تىكىپ بۇ يەرگە چىقتىم. مەن چىدالمىدىم. مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سەن ئۆلسەڭ مەنمۇ ئۆلىمەن. سەن ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەنسەن. سېنى قۇتقۇزىمەن، لېكىن سەن ماڭا سۆز بەر، ئانت (قەسەم) بەر، سەن ئالتاينى ئازاد قىلغاندا مەن بۇ جىنىدىن ئايرىلىمەن، سەن مېنى شۇ چاغدا ئالالامسەن؟!...

ئۇ يەنە مېنى قۇچاقلاپ سۆيدى. مۇنداق جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە مەن نېمە دېيەلەيتتىم!... ئەگەر ئۇ قۇتقۇزۇۋالمىسا مەن بەرىبىر بۇ قاراڭغۇ جىلغىدا ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆيلەنمەيلا كېتىمەن... ئېرتىش، ئۇ جىنىدىن كېچىپ مېنى قۇتقۇزىمەن دەۋاتسا، بىر گۈزەل قىز ئۆزىنى ئاتاۋاتسا... ئاشۇ كېچىدىن باشلاپ ئۇ قەلبىمنى ئىگىلىۋالغانىدى، ئېرتىش — مېنىڭ «قىز جىبەك» ىم!...

ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى، پىداكارلىقى، چىن مۇھەببىتى ماڭا «قىز جىبەك» نى ئەسلىتەتتى. ئۇ يىگىتى تۆلەگەننى قاراقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاجايىپ جانپىدالىق كۆرسەتكەنىدى. مەن قازاقلارنىڭ بۇ خەلق داستانىنى ئات بېقىپ يۈرگەن ئاشۇ يىللاردا ئاق ئۆيلەردە، توي-تۆكۈنلەردە كۆپ ئاڭلىغانىدىم. مەن ئېرتىشنى كۆڭلۈمدە ئاشۇ «قىز جىبەك» بىلدىم-دە، ئۇنىڭغا سۆز بەردىم، ئانت (قەسەم) ئىچتىم!...

ئۇ مېنى يېشىۋەتتى، تۇردۇم، سەنتۈرۈلۈپ، مۆدۈرۈپ، ئاستا-ئاستا ئەسلىمگە كەلدىم. بىز يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي قۇچاقلىشىپ، ئۇزۇنغىچە باغرىمىزنى يېقىپ، بىر-بىرىمىزنى قويۇۋەتمىدۇق...

ئەتىسى خامان سورىدىم، ئېرتىش ھەربىي كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋېتىپ، بىر ئەسكى جۇۋىنى كىيدۈرۈپ قويدى. داكومېنتلىرىمنى ئۇنىڭغا ساقلاشقا بەردىم. بىرنەچچە كۈن خامان سورىدىم. بىر كۈنى بىزنىڭ قىسمىمىزدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئون توققۇز نەپەر جەڭچىنى قويرۇقچىلار خامانغا ھەيدەپ كەلدى. ئۇلار مېنى كۆردى ۋە تونۇدى. بەزىلىرىنىڭ ماڭا قاراپ ئېيتىلغۇسى بار ئىدى، مەن بەلگە بېرىپ، ئارقامنى قىلىۋالدىم. بۇ يەردە كۆرۈشۈش خەتەرلىك ئىدى.

خاماننىڭ ئىشىمۇ ئاياغلاشتى، بىزنى باشقا جايغا يۆتكەيدىغان بولدى. ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى بىزنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى. نەگە، نېمە قىلغىلى، ئۆلتۈرگىلىمۇ، ئىشلەتكىلىمۇ؟... بىلمەيتتۇق. ئۇلار بىزنى قارا ئېرتىش بويىغا ئېلىپ كەلدى. ئېرتىش — ئامرىقىم مېنى ئۆزىتىپ قارا ئېرتىشقىچە بىللە كەلدى. ئۇ بىر خالتىدا قورۇت، يەنە بىر خالتىدا

سۆك، تېرىق نان ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ، كېچىچە يىغلاپ چىققىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ خالتىلارنى ماڭا بېرىۋېتىپ:

—سۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالما! مەن سېنى چوقۇم تاپىمەن، سېنى كۈتىمەن!—دېدى-دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى ۋە كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككى قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋىلىۋەتتى. كۆڭلۈم داۋالغۇپ كەتتى.

—ئۇنتۇمايمەن ئېرتىش جانىم، مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى قەسەمگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ!—دېدىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ.

ئۇ خاتىرجەم بولغاندەك يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى، ئەمما چىرايلىق كۆزلىرىدە يەنىلا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. بىز بىر-بىرىمىزگە تىكىلىپ، قانماي خوشلاشتۇق:

—خەير ئېرتىش، مېنىڭ «قىز جىبەك» ىم، ۋاپادارىم!...

## ئالتىنچى باب

سارسۈمبە خۇددى دەلىلقان سۆگۈربايوف ئېيتقاندەك بىر ئايغا قالمايلا يەنە قولغا قايتىپ كەلدى.

—«ئانا يۇرت» تىن (1744 - بەت)

ئون ئىككى نەپەر باندىت، ئوتتۇز نەپەردىن ئوشۇق تۇتقۇن، تاقىر، چۆل-دالا، دەريا بويىدا بىزگە يەنە يېڭى تۇتقۇنلار ۋە باندىتلار قوشۇلغانىدى، باندىتلار بىزنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى. دەريا ئاستا-ئاستا كەينىمىزدە قالدى، ئېرتىش يىراقتا، ئاشۇ بىز خوشلاشقان دەريا بويىدا تېخىچىلا جايىدىن مىدىرلىماي تۇراتتى. يۈرىكىم سېلىپ، ھاياجانلىنىپ كەتتىم، ئۇنىڭ ئوماق، ئاناردەك قىپقىزىل چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، كۆڭلۈمنى مىسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. «ئېرتىش جېنىم، سېنى يەنە كۆرەرمەنمۇ!؟...»

دۈكۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى، ئۈزۈلگەن خىيال. يەنە چۆل-دالا.

كەچ كىردى. ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاشلىق ئېدىر. مەن جەڭچىلەرگە بۇيرۇدۇم: «سايغا بارغاندا ھەربىرىڭلار قولۇڭلارغا تاش ئېلىۋېلىڭلار، مەن بۇيرۇق بەرگەن ھامان ھۇجۇم باشلاڭلار!...»

تاشلىق سايدىن ئۆتۈۋاتقاندا مەن بۇيرۇق بەردىم: «ھۇجۇم!»

باندىتلارغا بوراندەك ئېتىلدۇق. ئۇلار ھودۇقۇپ، قورقۇپ، تەمتىرەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بىرىنى نەق مەيداندىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتۇق. قالغانلىرى قورقۇپ تېزلا تەسلىم بولدى. باندىتلارنى ھەيدەپ «تاشبۇلاق» قا كەلگەندە نۇراقنىنىڭ ئاۋۇلى قوزغىلىپ قۇيرۇچۇق بولۇپ كەتكەنىكەن. ئەرلىرى تاغقا چىقىۋاپتۇ، ئۇ يەردە ئازراق دەم ئېلىپلا توختىماي ئالغا يۈرۈپ كەتتۇق.

چىمىنقىغا كەلدۇق. بىر خاماندا دان تېرىپ يەۋاتقاندۇق، بىزنىڭ قىسىملارنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى بىزنى كۆرۈپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ بىر جەڭچىنى ئەۋەتتىم. چىنىمىز كۆرەگە كەلگەندە موڭغۇللار بىزنى قارشى ئالدى. ئۇلار:

—باشلىقىڭلار كىم؟—دېدى.

جەڭچىلەر مېنى كۆرسىتىشتى.

—سىلەرگە نېمە كېرەك؟—دەپ سورىدى ئۇلار.

—قورساق ئاچ،—دېدىم مەن،—قوي بېرىڭلار، قىسىمغا بارغاندا قايتۇرىمىز.

ئۇلار ئىككى قوي بەردى. قازاندا پىشۇرۇپ ھۇزۇر قىلدۇق. ئاندىن يورغان سۇمۇلغا كەلگەندە قىسىم ئىككى دېشلو ھارۋا ئەۋەتتى. بىزنىڭ قىسىم قوبۇقتىكى بالجىت ۋاڭ ئوردىسىغا جايلاشقانىكەن. ئۇھ، ئاخىرى قىسىمىمىزنى تاپتۇق!...

ئەتىسى پولكنىڭ مۇۋەققەت كوماندىرى، مايور سالاھىدىن سىدىقوف كەلدى. پولك قىسقارتىلىپ بىر دېۋىزىيون بوپتۇ، مەن دېۋىزىيون ئىشتاب باشلىقى بولدۇم. ماڭا يېڭى كىيىم ئېلىپ كېلىشتى. مەن كىيىشنى رەت قىلدىم:

—مەن بۇ كىيىمنى كىيمەيمەن،—دېدىم ئۇلارغا-

باندىتلاردىن ئۆز كىيىممنى قايتۇرۇۋالىمەن!...

بۇ چاغدا قۇيرۇچۇقلار مامىنبەگنىڭ ئاۋۇلىغا تەككەن ۋە ئۇرغۇن چارۋا مالنى بۇلاپ ماڭغانىدى. قوماندانلىق ماڭا قارغايتىغا بېرىپ، ئاشۇ ماللارنى قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى ۋە بەش كۈنلۈك مۆھلەت بەردى. مەن ئاتمىش نەپەر جەڭچىنى تاللاپ قارغايتىغا جۆنەپ كەتتىم. ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ قۇيرۇچۇقلار بۇلاپ كەتكەن ئىككى مىڭ تۇياق قوينى قايتۇرۇۋالدىم. قويلارنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، كالا ۋە تۆگىلەرنى قايتۇرۇشقا ئاتلاندىم. بۇلاڭچى، قۇيرۇچۇق قىسمىلار بىلەن قاتتىق ئېتىشتۇق. مېنىڭ پۇتۇمغا ئوق تەگدى. باندىتلار بىر كالىنى سويۇپ يېيىشىۋاتقانىكەن. بۇ بۇلاڭچى قىسمىغا باش بولۇپ، ھېلىقى، مېنى جىلغىغا باغلاپ تاشلاتقۇزۇۋەتكەن مۇھەممەد باتۇر كەلگەنىكەن. مەن ئۇنى قورشاپ تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىۋاتقىنىمدا قازاق جەڭچى يۇنۇس تۇيۇقسىز ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى......

※ ※ ※

1947 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر كۈنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى بېسىپ ياتقان ئوسمان ئىسلام قوشۇنلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. ئۈچىنچى كۈنى سارسۇمبە بازىرى قايتۇرۇۋېلىندى. 23 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئالتاي ۋالىيسى مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، دەللىقان سۇگۇربايوۋ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قىلىپ بەلگىلەندى.

قىسىملىرىمىز 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئوسمان ئىسلامنىڭ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيەلىرىدىكى ئاخىرقى قالدۇق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتىدىن تولۇق ئازاد قىلدى...

## خاتىمە

توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى تىنجىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. قىسىممىزغا مىللىي ئارمىيە شىمالى يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش ئىشتابىدىن ھال سوراپ كوماندىرلار كەلدى. بىزنى تەقدىرلىدى...

دەم ئېلىشتىن كېيىن قىسىملار رەتلىنىپ، بىزنىڭ پولك مايتاغقا كۆچتى. يۇسۇپوۋ مۇھەممەدجان پولك كوماندىرى، مەن مايتاغ گارنىزونىنىڭ قوماندانى، بىر يالداق، تۆت يۇلتۇزلۇق كاپىتان بولدۇم!...

ـ ئېرتىشچۇ، ئۇ سىزنى تاپالىدىمۇ؟ ـ قىزىقىپ، ئالدىراپ سورىدىم مەن.

ـ تاپتى، ئالتاي ئازاد بولغاندا ئۇ مېنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ چاغدا مەن سارسۇمبىدە ئىدىم. بىز ئاخىرى توي قىلدۇق... ئۇنىڭ ئانىسى كېتىپ قالدى، كېيىن قازاقىستانغا چىقىپ كەتتۇق...

ئېغىر يۈك بېسىۋالغاندەك تىنالماي ئولتۇرۇپ قالغان روھى كەيپىياتىمدىن بوشاپ، يېنىك تىن ئالدىم. سابىق كاپىتانمۇ يېنىك تىندى، بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق...

※ ※ ※

سابىق كاپىتاننىڭ رىۋايەتكە ئوخشايدىغان بۇ ھېكايىسى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە كاللامدا پىرقىراپ تۇردى، ئويلاندۇردى. ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ياش، نۆۋەر، ئون گۈلىنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغان نى قەھرىمان يىگىتلەرنىڭ قىپقىزىل، ئىسسىق قېنى ئىلقا ئولاستايدىن باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا غۇلجا كوچىلىرىدا، جىڭ، شىخونىڭ قۇمساڭغۇ، دەشت ـ دالىلىرىدا، سۆكسۆك، قامغاق ۋە قىزىل يۇلغۇن تۈۋلىرىدە، ئالتاي، تارباغاتاي تاغلىرىدا ئاققانىدى. ئۇلار بىلىنداۋلاردا قىز ئورنىغا مىلتىق قۇچاقلاپ ياتقانىدى ...

سابىق كاپىتاننىڭ سەپداشلىرىنىڭ قىزىل قېنى، ياش جېنى ئالتاينىڭ ئالتۇن تاغ ـ تاشلىرىغا، قىران، ئېرتىش، سارتوقاي، بۇرۇلتوقايغا ئوخشاش گۈزەل دەريالىرىنىڭ بۈك ئورمانلىق ساھىللىرىغا، ياپيېشىل قىزىل قارىغاي، ئاق قارىغاي (سامىرسىن) نىڭ نەچچە ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان قارىغاي قوۋزاقلىرىغا، بۆلجۈرگەن، تاڭ قوراي، قارىقات ۋە

ئادەم بوي ئوت ـ چۆپلەر ئەركىن ئۆسكەن تاغ غوللىرىغا، بۈركۈتلەرگە ئۇۋا بولغان تىك قىيا تاشلارنىڭ يېرىقلىرىغا، ئېيىق، بۆرە، يىلپىزلارنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرىگە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان داستان بولۇپ پۈتۈلۈپ كەتتى. ئەۋلادلار ئۇلارنى چوقۇم ئوقۇيدۇ، ئىزدەيدۇ، تاپىدۇ ۋە مەڭگۈ يادلايدۇ، ئۇنتۇمايدۇ!...

ئۇ يىللاردا ھەر بىر جەڭچىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشى خۇددى رىۋايەتكە، چۆشكە ۋە ياكى چۆچەككە ئوخشايتتى، كىشىلەر ئىشەنمەيتتى. چۈنكى بۇ ئۇرۇش ھېچقانداق دۇنياۋى ئۇرۇشقا ئوخشىمايتتى. بىر جەڭچىنىڭ سەرگۈزەشتى بىر ھېكايە، بىر داستان، بىر پوۋېست، ھەتتا بىر رومان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار تېخى تولۇق قېزىلمىدى. شېئىردا ئۇنى ئىپادىلىمەك تېخىمۇ تەس ئىدى. ئاشۇ ئويلار، ئاشۇ خىياللار مېنى ئوقلار چاقماقتەك يېنىپ، چاڭلىداپ، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ تۇرغان ئاشۇ جەڭگىۋار يىللارغا ئېلىپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، روھىم، مۇڭ ـ ھەسرىتىم، ئۈمىد، ئارزۇ ـ خىياللىرىم ھاياجاندا ئېرىپ قەلەمگە تامغان: «سابىق كاپىتان پوستتا تۇرغان يەر» نى ئاخىرى تەۋەللۇت قىلدى.

## سابىق كاپىتان پوستتا تۇرغان يەر

تانسىغا
تانسىغا،
تارتىسەن مېنى،
ئېسىڭدىن چىقتىمۇ قولتۇق تايىقىم،
ئۇرۇشتا يوقالغان مېنىڭ ئايىغىم!...
ــ مۇھەممەت كامال (مىسىر)

بىر سابىق كاپىتان غۇلجىغا كېلىپ،
مېنىڭ بىلەن بىللە شەھەر ئايلىنىپ،
تۇرۇپ قالدى ئۇ،
«ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى»① ئالدىغا كېلىپ.
خۇددى
يارىدار جەڭچىدەك،
ئاقساقلاپ مېڭىپ،
پوستتا تۇردى ئۇ،
نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ...
مەن ھەيرانمەن:
«ئېيتىڭا كاپىتان، بۇ نېمە قىلىق؟»
ئۇ جىمجىت
تۇراتتى پوستتا دەرۋازا ئالدىدا.
گويا شۇ تاپتا،
ئۇنىڭ ئاقساق پۇتىمۇ،
ئۆزىمۇ،
كۆزىمۇ
جەڭدە ــ ئۇرۇشتا...
بىر پەستىن كېيىن،
خۇمارى چىققاندەك،
سۆزلەپ بەردى ئۇ،
ئولتۇرۇپ ئېرىق بويىدا ــ قاشتا:
«ئۇھ» دەپ چوڭقۇر بىر تىنىپ:
«بىلەمسىز ئۇكام،
مەن ئەسكەر چېغىم،
بېشىمدا ئىسپانكا، بەلدە رىمونىم،
(ئۆزۈممۇ كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدىم)
ئۇ چاغلار،
دەل مانا مەشەدە،
غۇرۇرۇم بىلەن پوستتا تۇرغانتىم!...
بۇ
بىزنىڭ باش ئىشتاب ئىدى،

بىز شەھەركە يېڭى ھۇجۇم باشلىغان،
كوچىلاردا مېڭىش تەس ئىدى.
دۈشمەنلەر پىتراپ،
ئىزلەيتتى بىزنى،
ئۇلار ساراسىمىگە چۈشۈشكەن ئىدى.
بىز بۇ يەرنى قوغدايتتۇق مەھكەم،
جېنىمىز بىلەن،
قېنىمىز بىلەن!
بۇ يەردە
بىزنىڭ رەھبەرلەر
تالاي كېچىلەر كىرپىك قاقمىغان،
ئىنقىلابقا تۈزەيتتى پىلان —
ئىستراتېگىيە،
ھۇجۇم ۋە نىشان...
بىز بۇ يەرنى قوغدايتتۇق مەھكەم،
جېنىمىز بىلەن،
قېنىمىز بىلەن!
كېيىن،
مەن كەتتىم ئۇزاققا،
قىلىچ شىلتىپ،
ئارغىماقتا يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ،
نەيزە بولۇپ جۇڭغاردا بالقىپ،
كەتتىم
شىخۇ — يەنسىخەي تامان...
ھەي،
ئۇ مىلتىقلىق يىللار
ئۆتۈپ كەتتى ئەمدى،
ئۆتۈپ كەتتى،
كەتتى مېنىڭ ئەسكەرلىك چېغىم —
قىران ياشلىقىم،
يوق ئەمدى ئارغىماق ئېتىم،
مىلتىق، قىلىچىم!
ئەنە،
خەلق باغچىسىدا ياتىدۇ
ماڭا كوماندا بەرگەن،
جەڭگە ئۆگەتكەن،
بىللە ئىشلىگەن مەرھۇم باشلىقىم.
ھەي،
ئۇ يىللارنىڭ ئىزى قالدى پەقەت
ماڭلاي قورۇقلىرىمدا،
ئاقساق پۇتۇمدا،
«سىمىرنو» ② غا كەلمەيدۇ ئەمدى،
ئاقساق پۇتۇمنۇ،
بېلىممۇ،
لېكىن ھۆرمەتلىكمەن يۇرتۇمدا.
بىلەمسىز ئۇكام،
ئۇ يىللاردا ئوق بولغان ئىدۇق
دۈشمەن كۆرۈنگەن يەرلەردە.
ئۇ يىللاردا شوخ بولغان ئىدۇق،
دۈشمەننى قوغلاپ،
ھۇررا توۋلاپ،
ئۇ كۆڭۈللۈك سەپەرلەردە...
بىز پىخوت③ ئىدۇق.
بىز ئاتلىق ئەسكەر ئىدۇق،
«يىقىلماس» لارنى
مانا بىز يىقىتقان ئىدۇق...
ئالتاي تاغلىرىدىن،
جۇڭغار دالالىرىدىن
بوراندەك ئۇچۇپ ئۆتكەن بىز ئىدۇق.
دالادا گۈلخان يېقىپ،
كونسېرۋاغا پىچاق تىقىپ،
سۇخار غاجىلاپ،
سادىر قوشاقلىرىنى توۋلىغان ئىدۇق.
بىز ئوق ئىدۇق،
بىز ئوت ئىدۇق.
ھەي،
كەتتى ئۇ يىللار، يىللار!
ئىز بېسىپ
بالىلار پوستتا تۇرىدۇ ئەمدى.
بىراق،
ئۇلار بىلمەيدۇ
بۇ قانداق يەر؟
بۇ قانداق يەر ؟!
ئاھ، قەدىردان.
مەن پوستتا تۇرغان يەر.
ئۇلار بىلمەيدۇ
بۇ يەردە قانلار تۆكۈلگىنىنى،
ئوق تەگكەن كۆكرىكىنى بېسىپ،

دوستۇم رەھمەتىنىڭ
يېزىدىكى يالغۇز ئانىسىنى چاقىرىپ يادلاپ،
ئاداققى سۆزىنى سۆزلىگىنىنى...
ئۇلار بىلمەيدۇ،
بىز لەڭشاڭنى ئالغاندا،
«قارا باغ» ④ قا  ھۇجۇم قىلغاندا،
چوماق تۇتقان بوۋايلارنىڭ،
دۇئا قىلىپ تۇرغان مومايلارنىڭ،
ئاتاكىغا ئاتلانغان يىگىتلەرنىڭ،
سانىتاركا قىز ـ جۇۋانلارنىڭ
قانداق جەڭ قىلغىنىنى،
قانداق ئۆلگىنىنى،
قانداق كۈلگىنىنى...
بۇ كۈلكە
نەچچە مىڭ يىل يۈرەكتە ساقلانغان،
لەنەت ـ نەپرەت بىلەن داغلانغان...
شۇ كۈلكە ئۈچۈن
بەرگەن ئىدۇق بىز ياشلىقنى،
قىز ئورنىغا مىلتىقنى چىڭ قۇچاقلاپ،
بەرگەن ئىدۇق
مۇھەببەتنى ـ شۇخلۇقنى.
ھەي ئەمدى،
كەتتى ئۇ يىللار،
كەتتى ئۇ يىللار!
«تانسىغا،
تانسىغا
تارتمىغىن مېنى،
ئېسىڭدىن چىقتىمۇ قولتۇق تايىقىم،
ئۇرۇشتا يوقالغان مېنىڭ ئايىغىم...»»


«ئاھ سابىق كاپىتان،
ئاقساق كاپىتان،
ئىچەيلى كېلىڭ،
‹ئىلى ئالىي سورتى› دىن،
بىر پەسكە ئۇنتايلى ئۇلارنى تامام.»
«ھەي، ئۇنتۇشقا بولامدۇ ئۇلارنى ئۇكام،
ئىچكەنسېرى ئۇ يىللار بەرمەيدۇ ئارام...»
ئىچىشتۇق،
ئىچىشتۇق،
شارابتا ئۆچمىز باردەك ئىچىشتۇق،
يالپۇز پۇراپ
ئېرىق قىرىدا ئېلىپ دەم ـ ئارام.
«ئاقساق كاپىتان،
سابىق كاپىتان،
رەھمەت سىزگە!
ئاشۇ ئاقساق پۇتىڭىز ئۈچۈن،
ئاكوپلاردا قالغان ياشلىقىڭىز ئۈچۈن،
كۆتۈرىمەن جام!
تەشەككۈر سىزگە،
ئۇنۇتماپسىز،
سېغىنىپ كەپسىز
بۇ قەدىردان پوستتا تۇرغان يەرنى!
سىز ئۇنۇتمىغاندەك،
ئۇنتۇمايدۇ ئەلمۇ،
ئۇ يىللاردا ئىسپانكا كىيىپ،
ئۆلۈمنى قۇچاقلاپ،
كۆرۈمنى بېرىپ،
ئەركىنلىك ئۈچۈن قان تۆككەن ئەرنى!»

(ئاپتور ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئارامغا چىققان)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

---

① ئىلى ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىدارىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② سىمىرنو (رۇسچە) ــ رەتكە تىزىلىش.
③ پىخوت (رۇسچە) ــ پىيادە قىسىم.
④ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەسكەرلەر ھەرەمباغنى «قارا باغ» دەپ ئاتايتتى، چۈنكى ئۇ يەردە دۈشمەن شتابى بار ئىدى.





## دۇنيا — بىر بىمار...

بېرىپ زىل بىرسادا كەچكۈزنىڭ قوڭغۇرىقى ،
چىرايلىق باغلارغا سالدى ئەندىشە .
گۈللەرنىڭ رۇخسارى ئۆڭدى تەشۋىشتە ،
ياپراقلارنىڭ پەيزى ئۆچتى ،بولدى سەرسانە .

ئەي مېنىڭ ستەم سالغۇچى كۆزۈم!
نىچۈن ئاۋال دىلىمغا ئازاب قولىن سالدۇڭ؟
بىر پەقىر ئادەممەن ، كۆپلەرگە يوچۇن ،
ھەسەتتىن ، خۇسۇمەتتىن يىراق كۆزۈم .
دۇنيانى سىزىمەن يېشىل ، باللار كەبى ،
مۇزئۆستىدە ئۈندۈرىمەن گۈللەر ،
ئايغا تىكىمەن يېشىل تېرەكلەر ،
پەقەت خىيالىمدا .
پەقەت خىيالىمدا ھايات چىرايلىق .
كۆزۈمنى ئاچسام:
دۇنيا — بىر بىمار ، قىينىلىپ نەپەس ئېلىۋاتقان

## تەلكە داۋىنىدىن ئۆتكەندە

دېكابىر نەشتەر .
قار لەپىلدەر .
سېنىڭ قولۇڭنى چىڭ تۇتتۇم ،
ئانامنىڭ ئانىسى غۇلجا ـ
جەسۇر شەھەر .
بىر تال قارىغىيىگىمەن ،
شۇغىرغاننى سۆيگەن .
بىرتال بېلىقىڭمەن دەريايىڭدا ئۈزگەن .
بارماي نەگىلا
سېنى يانچۇقۇمغا سېلىپ كېتىمەن
بىر تال ئالمىدەك .




سەن مەشۇقۇمسەن ، تورزۇماس گۈلۈمسەن ،
بارماي نەگىلا
قۇلىقىمغا قىسىپ كېتىمەن .
ئون ئىككى ناخشاڭ — ئون ئىككى بۇلاق
بارماي نەگىلا
يۈرەك دېگەن ئىدىشقا قاچىلاپ كېتىمەن .

خىزىر ئەلەيھىسسالام نەزىرى چۈشكەن
تاغلىرىڭغا مىڭ تازىم!
ئۆچتۇم قاناتسىز ،
چوققىلار ئاسمانغا تىكلەنگەن شوتا .
سۇلايمان يىغلىماي ئۆتكەن داۋاندىن
مەن يىغلاپ ئۆتتۇم ئەجەبا؟

ئەي ئانا ، بىناۋا بالاڭمەن ،

ئۆلسەم بىر چىمدىم توپاڭمەن!

## قېنى مېنىڭ كۈلىدىغان ئېغىزىم

قېنى مېنىڭ كۈلىدىغان ئېغىزىم؟
قېنى كۈلكە دېگەن قىممەتلىك رېتسېپ؟
مەن يىدىم رىزقىنى كىمنىڭ
قىلدىم قانداق گۇناھ رەببىم ئالدىدا؟
بەخت دېگەن خوتۇن، نېچۈن
چۈشمەيدۇ نىكاھىمغا؟
قېنى مېنىڭ نۇرانە كۆزۈم؟

نېچۈن يۈرىكىمنى قاپلايدۇ ئەنسىزلىك؟
مەن يارالدىممۇ
دەردنىڭ توقمىقى ئۈچۈن؟
ئەي ئەينەك ئېيتقىنا!
ئىشنى قىلسۇن شان ـ شەرەپ
ماڭا كېرەك كۈلكە!!!

## كېچە بىلەن مۇڭدىشىش

كېچە مەن كەلدىم، ئىشىكىڭنى ئاچ!
يۇلتۇزىڭنى قىل پىيالە، ئاي نۇرىنى چاي.

سۆزلە گۇۋاھ بولغان كەچمىشلەرنى،
سۆزلە يۈز يىل ئاۋالقى، مىڭ يىل ئاۋۋالقى
ساداقەت، دىيانەت، ۋاپا ئەھلىنى.
سۆزلە باتۇرلار قىسسىسىنى ۋە ئۆلۈمىنى،
سۆزلە چۆللەر ئارا كەزگەن مەشرەپ روھىنى،
ئۇ قانداق نەۋقىران يىگىت ئىدى ھە؟!
ئۇممان سىغقان زېمىنغا ئەجەب سىغمىغان؟

ئات ئۈستىدە دۇنيا ئالغان ئاتىللا
بۆشۈكتىكى قەغىش بوۋاقنىمۇ ئۇخلاتقان ئاتىللا
بىر رومكا شارابتا ھالاك بولغان چىممىدە!

يۇلتۇزلار ئاشىقى ئۇلۇغبېك ياۋدىن ئەمەس
بولدى قەبرى روھ ئۆز پۇشتى قولىدا

ئۇ چاقناپ تۇرغان بىر يۇلتۇز سامان يولىدا.

سۆزلە ئۆلۈم ھەققىدە:
ئۇ ــ سېنىڭ ئاخىرقى تېتىيدىغان نېمىتىڭ!

سۆزلە ئىشق ھەققىدە؛
ئۇ ــ ئاچقۇچى دىل ئىشىكىڭنىڭ!

سۆزلە ئادەم ھەققىدە:
ئۇ ــ قارا رەڭ بىلەن ئاق رەڭنىڭ ئارىلاشمىسى!

سۆزلە ئايال ھەققىدە:
ئۇ ــ تىكەنلىك گۈل مېھىرلىك!

دۇنياچۇ؟
دۇنيا ــ مەن بىلەن كۈندۈز!

## ئاشۇ يىللاردا

ئاشۇ يىللاردا
مەن قۇشلار بىلەن سۆزلەشكۈچى ئىدىم.
سۇلار بىلەن ئاقالايتتىم بىللە
قۇملاردىن ئۆز قەسرىمنى ياسىغۇچى ئىدىم.

ئۆزۈم شاھزادە ئىدىم.
قوڭغۇر سېرىق چۈمۈلىلەر ــ
ئىدى پۇقرالىرىم.
يۇلتۇزلارنى ئالقىنىمغا ئالغۇچى ئىدىم،

ۋە ئۈزۈممۇ يولتۇزغا ئايلانغۇچى ئىدىم،
دۇنيانى پەقەت گۈللەرگە تولدۇرۇۋەتكۈچى ئىدىم،
ئاپتاپپەرەس ئىچىدە ئۇخلىغۇچى ئىدىم،
ئانامنى ئاپپاق ئەتىرگۈلگە ئايلاندۇرغۇچى ئىدىم،
سائەتنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغۇچى ئىدىم ئورۇندۇقتا....
ئەمدى مەن تۇرمۇشنىڭ گەپ ئاڭلايدىغان ياۋاش بالىسى!

(ئاپتور غۇلجا شەھەر تىنچلىق كوچا 103 ـ قورۇدا)

# ئىچىمدىكى يىلان

ئەدىبەم ئىبراھىم

## ئولتۇرار ياش تۆكۈپ ئايدا بىر ئايال

بىر ئايال ياش تۆكۈپ ئولتۇرار ئايدا،
خىيالىم يىپلىرى باغلانغان ئاڭا.
ئۇ مەندىن پىچىرلاپ سورايدۇ كۆڭۈل،
لېكىن مەن يۈزلەندىم ئايسىز ئاخشامغا.

ئايلاندىم ئات سېلىپ قىر ـ داللارنى،
ئەجەبا ئاي يىراق، مەن يېتەلمىدىم.
كۆزلىرىم نۇر ئىچىپ نۇرلاندى روشەن،
ئۈچ دېدىڭ ۋە لېكىن مەن ئۇچالمىدىم.

خەيرىيەت، كېتىپتۇ مەندىن ئاي يىراق،
ۋىسالنىڭ شولىسى يىراقتا يال ـ يال.
كەل مېنىڭ ئاخشامغا قولىقىڭنى ياق،
ئولتۇرار ياش تۆكۈپ ئايدا بىر ئايال.

## خىيال قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ

خىيال قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ،
شىلدىرلىغان سۇ ئاۋازىدەك
قېقىلىۋاتقان بۇلبۇل ئۈنىدەك...

سۇرۇۋاتسام خىياللىرىمنى
بۆسۈپ كەلدى بىر ناخشا ماڭا
«ئىلى يولى ئەگرى توقاي...»
گويا ئاسمان گۈلدۈرلىگەندەك
خىياللىرىم بولدى سۇر توقاي...

خىيال قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ
مۇھەببەتلىك «ئىلى يولى» نى،
قېتىپ ئاڭا «قوي كۆزلۈكۈم» نى.
قەدەھ سۇنۇپ سۆيۈملۈك ئايغا
قوشۇپ ئىچكىم كېلىۋاتىدۇ
ئاي كۆزىدىن سىرغىغان مۇڭنى.
خىيال قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ
بېھىش سۆيەت باغلارغا كىرىپ.
ئايغا قارىدىم
ئۇنى يارغا ئوخشىتىپ قىلىپ.
ئاينى سۆيدۇم، ئاي داغلىرىنى
يۈرىكىمنىڭ يارىسى بىلىپ.
يۇلتۇزلاردەك يېنىۋاتىمەن
يۈرىكىمنى خىيالدا تىلىپ.

يازالمىدىم لېكىن تېخىچە

قان تەپچىگەن خىياللىرىمنى.
يۈرىكىمدە كۈيلەۋاتقىنىم

پەقەت ۋە پەقەت
قاغا قانىتى...

## مۇگغۇلكۇرە-چاپچال ئارىسى

داۋانلاردىن، سايلاردىن ئېشىپ
جىرالاردىن، قىرلاردىن ئېشىپ
ئېگىزلىككە چىقىپ، يامىشىپ
كەلدىم تارانچى بېنەملىكىگە،
مۇگغۇلكۇرە تۈزلەڭلىكىگە.

ئات باشلىدى مېنى تاغلارغا
تاغ ئىچىدە شەھەرنى كۆردۈم،
«ئات» قا مىنىپ شەھەرگە كىردىم.

تەسكەي بىلەن كۈنگەي ئارىسى،
قار قاپلىغان قېلىن ــ قېلىن تاغ.
تەسكەي تەرىپى ئېقىن ــ ئېقىن سۇ،
كۈنگەي تەرىپى بۇلۇتقا تۇتاش.

مۇگغۇلكۇرە ــ چاپچال ئارىسى
قارىماققا يېقىنلا يەردەك
كۆزۈڭ يېتىدۇ.

قايىنۇق ياكى جاغىستايدا سەن
سۇنساڭ ئەتكەن چاي
قولۇڭ يېتىدۇ.
ناۋادا سەن ئات بىلەن ماڭساڭ
بىر كۈن كېتىدۇ.

ئاغىيازدا تۆگە ــ بوتلاقلار
قىش ئىچىدە يېشىل شىۋاقلار.
تۆگە مىنىپ شاھ مەشرەپ بىلەن
مۇز داۋاندىن ئاشتىم بىراقلا.
خىيالىمدا قەشقەرگە باردىم
تاغدا قالدى يېشىل بۇلاقلار.

ئېگىزلىكتىن پەسكە تەلپۈنۈپ
يۈركەنگەندە خىيالىم گۈلگە،
ئويلاپ قالدىم بىز ماڭغان يوللار،
تاغ ئىچىدە كەتكەندۇ نەگە؟...

## ئۇچۇپ كەتتى قولۇمدىكى قۇش

(بىر ئانا تىلىدىن)

دەل ــ دەرەخلەر غازاڭ تاشلىدى،
باھار كەلسە كىينەر يېشىل.
بىر تال غۇنچىسىمۇ ئېچىلمىغان گۈل،
ئۇن سەككىزگە كىرىپتۇ بۇ يىل.

قۇياشىم تۇگەتتى مۇساپىسىنى،
ئەتە ئۇپۇق يېرىپ چىقىدۇ قىزىل.
تۈگىمەس نۇرلىرى چۈشىدۇ ماڭا،
ئۇ ــ بىر قۇياش پاتماس ئەبەدىل...

ئۇ ــ بىر قۇش ئەركىن ئۇچۇپ ئۆگەنگەن،

دادىسى ئوغلۇمغا ئەر يەتتى دەيتتى.
ئۇ مېنىڭ قۇياشىم ئىسسىق باغرىمدا،
ئۇ قۇشۇم... قولۇمنى چوقۇپ دان يەيتتى.

ئۇ بۇ يىل ئۇچاتتى يىراق ــ يىراققا،
ئاق خالاتلىق ئاۋۇ يىگىتتەك
دوختۇر بولاتتى،
ئاق خالات ئۇنىڭغا بەك ياراشاتتى...

بىز جىددىي بۆلۈم ئالدىدا ئىدۇق
ئوي ــ خىيالىم ئوغلۇمدا ئىدى

ئاق خالاتلىق دوختۇر ئوغلۇمدا . . .
زەئىپ ، سىلىق ، يۇمشاق بىر ئاۋاز ـ
يەر گۈمۈرۈلگەندەك دەھشەتلىك ئاۋاز . . .
ئۇچۇرزۇۋەتتى مېنى سېمۇنتقا . . .

ئوغلۇم ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئىدى
ئۆلۈمنىڭ . . .
يەر تارتىۋالدى مېنىڭدىن ئۇنى
مەن ئۇنى ئۇچىدۇ ئاسماندا دېسەم
موتوسىكلىتتا ئۇچتى ئەبەتكە . . .

ئوغلۇم سۆبات
نەگە بارسام سىمايىڭ ھايات! . . .

## ئىچمىدىكى يىلان

بىر يىلان ئىچىمدە ياشاپ كەلمەكتە ،
ھەر دەقىق تىنىمسىز غاجاپ يۈرەكنى .
ئۇ زادى ئىچىمدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ،
ۋە ياكى چېقىپلا ئالمايدۇ جاننى .

قەيەردىن كەلگەندۇ دېسەم ھاڭۋېقىپ ،
تۇغۇلسام بار ئىكەن ئەسلى ئىچىمدە .
ئۇ ماڭا بەرمەيدۇ قىلچىلىك ئارام ،
ئوخلىسام يۈرىدۇ يەنە چۈشۈمدە!

مەن ھېرىپ تالجىدىم ، تالجىمىدى ئۇ .
مەن قېرىپ ئالجىدىم ، ئالجىمىدى ئۇ .
ئىچىمدە كۆزىتىپ تۇرىدۇ مېنى ،
مەگەركى مەن ئۆلسەم ئۆلەمدىغاندۇ؟

## قاپچىغاي

قاپچىغاي ، ھەي قاپچىغاي ،
سۆلار سەندە چاپچىغاي .
قاپقا كېلىپ قاپسالدىم ،
مېنى كىملەر قاپسىغاي .
كۆرمىگەننى كۆرەيمەن ،
كاتىرلىرىڭ قاتنىغاي .
بېلىق بولۇپ ئۈزەيمەن ،
كۆز ئالدىمدا يېشىل ساي .
مەگەر كەلسەم كېچىسى ،
سەندە كۆلەر ئىككى ئاي .
ئاسماندىكى ئاي خېنىم ،
كېلەمدىكىن ھاي ، ھاي ، ھاي . . .
نۇر چاچىسەن ئاسمانغا ،
ناخشا ئېيتىپ لاي ـ لىلاي .
قۇچاق كېرىپ تۇرسەن ،
شوخلۇقۇڭدىن ئايلىناي .
بېلىقلىرىڭ بىلەكتەك ،
چوقىلىرىڭ يۈرەكتەك ،
باغرىڭ يېشىل كەڭ ئېتەك ،
نەدە سەندەك گۈزەل جاي؟
شاقىرايسەن شوخلۇقتا ،
چاچىرايسەن قولتۇقتا ،
تۇرساڭمۇ گەر توسۇقتا ،
سېنى ھەممە ماختىغاي .
ساھىلىڭدا سايىدىدىم ،
پىيالەمدە چاي دېدىم ،
سېنى يەكتا ئاي دېدىم ،
ئىككەنسەن بىر ئەركە تاي .
قاپچىغاي ، ھەي قاپچىغاي ،
يولتۇزلاردەك چاقنىغاي .
سەن ئۆزۈڭ بىر مۆجىزە ،
كۆرۈپ كۆزۈم قانمىغاي .

(ئاپتور چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم



# دادام يىغلىدى


سەنەۋەر ئابدۇراخمان

مەيلى قەلەمكەش ياكى ناخشىچىلار بولسۇن، كۆپرەك ئانىلارنىلا مەدھىيىلەپ كەلدى. شەخسەن ئۆزۈم بىر يېزىقچىلىق ھەۋەسكارى بولساممۇ، لېكىن مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئاتا ـ ئانام توغرىلىق بىرەر نەرسە يېزىپ باقماپتىمەن، يازغانلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر بوپتۇ.

مەن بۇ قېتىم ئاۋۋال دادام توغرىلىق يازماقچى...

گەپنى باللىقىمدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، بەش ياش ۋاقتىمدا، ئەمدىلا بىرىنچى سىنىپقا كىرىپ، ئېلىپبەنىڭ بەتلىرىنى ئارانلا بىر ئاي ۋاراقلىيالىغان ھەددىم سۇغا چۈشۈپ تۇگەپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلار ھازىرمۇ غۇۋا يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئاپام بىلەن دادام مېنى بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ، ھەدەمنى ئەدىيالغا يۆگىگىنىچە دوختۇرخانىغا يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالغان ئىدى. مەن كۆزلىرىم ياش يۇقى، سوغۇق دەرۋازىغا يۈزۈمنى ياققىنىمچە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئىدىم ......

كېيىن ئىنىم بىلەن سىڭلىم بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى، ئۇ چاغدا مەن بىرىنچى سىنىپقا يېڭى كىرگەن ئىدىم، ئىنىم بىلەن سىڭلىمنىڭ تاتلىقلىقنە



كۈنلەر ئالبومى

قىلىقلىرى ئاتا ـ ئانامنىڭ سۇنغان كۆڭلىگە مەلھەم بولغان چېغى، ئاپام ئىنىمغا، دادام سىڭلىمغا بەكىرەك كۆيەتتى، ئاپام ـ دادام ئىككى ئۇكامغا مەندىنمۇ بەكىرەك كۆڭۈل بۆلسە ئۆزۈمنى خۇددى تاشلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ يىغلىغۇم كېلەتتى، بۇنداق چاغلاردا، دادامنىڭ ئابلەت ئىسىملىك بىر خىزمەتدىشىنىڭ «سىزنى دادىڭىز بىر خالتا كېپەككە تېگىشىۋالغان» دېگەن گېپى راستتەكلا بىلىنىپ كېتەتتى.

ۋاقىت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقتىم كەلدى، لېكىن ئىمتىھان باشلانغان كۈنى دادام «سىزگە ياخشى نەتىجە تىلەيمەن، قىزىم» دېگەندىن باشقا گەپ قىلماي، قولىغا گۈرجەكنى ئالغىنىچە باغقا كىرىپ كەتتى. بۇ ئىش گەرچە كۆڭلۈمگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ كۆنۈپ كەتكەن بولغاچقا، كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئاپامغا «بارمىساڭمۇ ئىمتىھاننى ياخشى بېرىۋېرىمەن، بارغىنىڭنىڭ قىلچە پايدىسى يوق» دەپ خاپا بولغىنىمچە، ئىمتىھانغا كەتكەن ئىدىم، لېكىن ئىمتىھاندىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسام، ئاپام نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارىسىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ...

ئالىي مەكتەپكە ماڭغان ۋاقتىمدا، دادام مەن بىلەن ئۈرۈمچىگە بىللە باردى، لېكىن مەكتەپكە بېرىپلا

مېنى مۇئەللىمىمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ياتىقىمدا يېرىم سائەتمۇ ئولتۇرماي، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن سىڭلىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا، ماڭا پەقەت ئاپاملا تېلېفون قىلىپ تۇردى، دادام پەقەت خەتلا يېزىپ، تېلېفون قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىمنى دادامغا كۆرسەتسەم، ئۇ: «مۇشۇنداق مەشىق ئەسەرلەرنىمۇ چىقىرىۋېرىپتۇ، كۆپرەك تىرىشىڭ، ئەسلى بۇ يازغىنىڭىز ئېلان قىلىش ئۆلچىمىگە چۈشمەيدىكەن، شۇنداقتىمۇ سىزگە رىغبەت بولسۇن دەپ ئېلان قىلىپتۇ» دەيتتى. مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار قەلبىمدە «دادام مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن» دېگەن خىيالنى تەبىئىيلا پەيدا قىلىپ، دادامنىڭ ھېلىقى خىزمەتدىشىنىڭ گېپى قايتا يادىمغا كېلىۋېلىپ، يۈرىكىمگە ئۆتكۈر بىر پىچاق كاچچىدە سانجىلىپ قالاتتى.

ئاپام كۆزى ياشلىق ئايال، لېكىن دادامنىڭ بىرەر قېتىم يىغلىغىنىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدىم، بوۋام تۈگەپ كەتكەندىمۇ دادام يىغلىيالماي قاتتىق يۆتىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئاپام دادامنى پات-پات «ھۇ، باغرى تاش» دەپ قوياتتى.

كېيىن مومام سەكراتقا چۈشۈپ قېلىپ، دادامنى باللىرىنىڭ چوڭى بولغىنى ئۈچۈن، قورۇ-جاينى بۆلۈشكە چاقىرتقان چاغلاردا، دادام دائىم باھانە كۆرسىتىپ بارغىلى ئۇنىمىدى. دادام بۇنداق قىلغانسېرى، قورۇ-جاينىڭ بۆلۈنۈشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تەقەززا بولۇپ كەتكەن بەزى تۇغقانلىرىمىز تۇرالماي قېلىپ، بىزگە گەپ ئۆگەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئىككى مو كېلىدىغان چىرايلىق قورۇ-جاي بۆلۈنۈپ، دادام ئىنىلىرىغا ئۆي سېلىنغان يەرلەرنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزى ھېچقانداق ئۆي سېلىنمىغان قۇرۇق يەرنى ئالدى، ئاز كۈن ئۆتمەيلا مومام تۈگەپ كەتتى.

بىر كاھدا مۇشۇ يەرنىڭ گېپىنى قىلىپ قويساق دادامنىڭ بەك ئاچچىقى كېلىپ كېتەتتى، بىزمۇ قورقۇپ، قەتئىي بۇ توغرىلىق گەپ قىلمايدىغانلا بولدۇق، كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، دادام ئەينى ۋاقىتتا دادىسى ۋە ئىنىلىرى بىلەن بىر قوللۇق ئىشلەپ، ئۆي سېلىپ گۈل-گىياھ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپ ئاران مۇشۇنچىلىك ئاۋات قىلغان قورۇنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە چىدىيالماي، مومام شۇنچە چاقىرغان بولسىمۇ بارمىغان ھەمدە قورۇ بۆلۈنگەندىن كېيىن بىز يەرنىڭ گېپىنى قىلساق ئاچچىقى كەلگەن ئىكەن. دادام ئادەتتە شۇنداق خۇش چاقچاق، گەپدان بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن ئىچ مىجەزلىك ئىكەنلىكىنى مانا ئۇ چاغدا ھېس قىلغان ئىدىم.

ئەنە شۇنداق بىر قاتار چۈشەنمەسلىك ۋە كېيىن چۈشىنىشلەر بىلەن تولغان كۈنلەر ئارقا-ئارقىدىن شۇنداق تېز ئۆتۈپ، مەن تۇرمۇش قۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. توي قىلىدىغان يىگىتىم جەنۇبلۇق بولغاچقا ھەم ئۆزۈممۇ ئەزەلدىن توينى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغاچقا، دادامغا پەردىشەپنى بۇزمىغان ئاساستا بەزى گەپلەرنى قىلسام، دادام: «بولدى قىزىم ئەنسىرىمەڭ، مەن كۆپ تويلارغا ئەلچى بولغان ئادەم، توي قۇراشتۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى بىلىمەن» دەپلا گەپنى ئۈزگەن ئىدى. ئاپام جىددىي توي تەييارلىقىغا چۈشكەن بولغاچقا، پۇت-قولى يەرگە تەگمەي ئىش قىلاتتى. توي كۈنۈم يېقىنلاشقانسېرى، ئاتا-ئانامنىڭ جىددىي-جىددىي ئىش قىلىشلىرىغا قاراپ، مېنى بۇلار ياتلىق قىلىۋېتىشكە شۇنچە ئالدىرامدىغاندۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلاردىن ماڭا قىيالماسلىقى ئىپادىلىنىدىغان گەپ-سۆزلەرنى تاما قىلىپ قالاتتىم.

شۇنداق قىلىپ تويۇممۇ بولدى، ئاتا-ئانام خۇشال ھالدا توي مەرىكەمگە ساھىبخان بولدى. نىكاھتىن كېيىن مەن ئۆيدىن ئايرىلىپ نەۋرە سىڭلىمنىڭ ئۆيىگە كەتتىم.

تويدىن كېيىن ئۆيدە پەقەت ئىككى كۈنلا تۇرغاندىن كېيىن، جەنۇبقا ماڭىدىغان بولدۇق. مەندىن باشقىلار يۈك-تاقلارنى ئالدىراش ماشىنىغا باسماقتا، مەن ئۆز ئۆيۈمدىن ئەمدى رەسمىي ئايرىلىپ، باشقا بىر ئۆيگە ماڭىدىغىنىمنى ئويلاپ، تامغا يۆلەنگىنىمچە ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم، تەييارلىقلار پۈتۈپ ئۇلار مېنى چاقىرىشتى، مەن

«ھە» مۇ دېيەلمەي يەنىلا يىغلىماقتا ئىدىم، كېيىن ئاپام قېشىمغا كىردى، مەن ئاپامنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، بۇرۇن قاخشاتقانلىرىم، رەنجىتكەنلىرىم ئۈچۈن ئەپۇ سورىدىم، ئىككىمىزنىڭ كۆز ياشلىرى ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتتى. ئاپام پېشانەمگە سۆيۈپ ماڭا قايتا بەخت تىلەپ، مەندىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ مېنى مېڭىشقا ئۈندىدى.

ئۇزۇن يوللۇق ماشىنا بېكىتىگىمۇ كەلدۇق، مۇشۇ كەتكەنچە قاچان كېلىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. دادام ـ ئاپام بىر مۇنچە يەيدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ قېشىمغا كېلىپ، يولدىشىم ئىككىمىزگە تەربىيە ـ نەسىھەت قىلدى، مەن كۆز ياشلىرىمغا قانچە قىلساممۇ ئىگە بولالماي، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى جىممىدە ئاڭلىماقتا ئىدىم. بىر چاغدا ماشىنىنىڭ ماڭىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ئارانلا خوش دەپ ماڭدىم، ماشىنىنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ ئاخىرقى قېتىم كەينىمگە قارىسام، ئاپام تۈمۈر رىشاتكىنى تۇتقىنىچە قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ، دادام بولسا قولياغلىقى بىلەن يۈزىنى توختىماي سۈرتۈپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپتۇ، شۇ چاغدا كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، شۇ تاپتا دادام مەن ئۈچۈن يىغلىماقتا ئىدى... ئەنە شۇ چاغدا دادامدىن بۇرۇن ئورۇنسىز رەنجىگەنلىرىم، مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن دەپ گۇمانلانغانلىرىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلدىم، شۇ خىياللار مېنى خىجىل قىلىپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغۇم كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ماشىنىنىڭ قوزغىلىش ۋاقتى مېنى تېزرەك مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى، كۆز ياشلىرىم توختاي دېمەيتتى...

يېڭى تۇرمۇش مۇساپەم باشلىنىپ، ئائىلە، خىزمەتتىن ئىبارەت بۇ مەڭگۈلۈك چەمبىرەك ئىچىدە كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى... ئاي ـ كۈنۈم يېقىنلىشىپ قالغان بولغاچقا، دادام مېنى ئەكەتكىلى كەلدى، ئۇ مېنى كۆرۈپ گەرچە يىغلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىنىڭ بىر يەرلىرىگە ئەپچىللىك بىلەن مۆكۈنۈۋالغان كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ قالدىم، دادام قېشىمدا ئىككى ھەپتىدەك تۇردى، يۇرتۇمغا مېڭىش ئالدىدا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتسەم، ئاي ـ كۈنۈك بەكلا ئاز قاپتۇ، بۇ ھالدا ئۇزۇن سەپەرگە چىقىش خەتەرلىك، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەردە بوشانغىن دېگەن تەكلىپنى بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتىمىزدا ئازراق ئىش چىقىپ قېلىپ، دادام جىددىي كېتىدىغان بولۇپ قالدى، دادامنى شۇنچە يېنىمدا ئېلىپ قالغۇم بولسىمۇ، لېكىن رېئاللىق ئالدىدا ئامالسىز ئىدىم، دادامنى كۆزلىرىم ياش پېتى ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ئۇزىتىپ قالدىم، دادامىمۇ ماشىنىغا چىققۇچە يىغلىمىغان ئادەم، ماشىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى...

ماشىنا ئاخىر قوزغالدى، ئېنىمدە قوللىرىمنى پۇلاڭلاتقۇدەكمۇ جان قالمىغاندەك بەكلا دەرمانسىز ئىدىم، ماشىنا ئاخىر كۆزۈمدىن يىتىپ، يىراقلارغا ئۇزاپ كەتتى، ئۆيگە كېلىپ قارىسام، دادام يېزىپ قالدۇرۇپ قويغان بىر كۇپلېتلىق شېئىر تۇرىدۇ.

كۆڭلۈم بېغىدىن ئۈچتى قۇشۇم، جەنۇبقا قاراپ،
قونۇپ ئامانىساخان باغىدا يۈرەركەن سايراپ.
ئانا دىيارىم گۈلشەنلىرى جەننەتكە مىسال،
كۆڭلۈم خۇش قانات قېقىپ يۇرسە يايراپ.

يىراقتىكى ئاپامغا پىچىرلىدىم: «ياق، ئاپا، دادام باغرى تاش ئادەم ئەمەس.» ئۆز ـ ئۆزۈمگە خىتاب قىلدىم: «ياق، دادام مېنى ياخشى كۆرىدۇ...»

(ئاپتور يەكەن ناھىيە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزىدە)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئۇبۇلقاسىم

# ياڭ زېڭشىننى كىم ئۆلتۈرگەن



ياڭ زېڭشىن (1863-1928)



مەسئۇت خالىت

دەم ئېلىشقا چىققىنىمدىن بۇيان، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «پايدىلىنىش ئارخىپلىرى» (档案参考)، «كونا خەۋەرلەر» (旧闻)، «كونا رەسىملەر» (老照片)، «كلاسسىك كونا خەۋەرلەر» (经典旧闻)، «كلاسسىك ئەسلىمىلەر» (经典回顾) قاتارلىق گېزىتلەر دىققىتىمنى تولىراق تارتىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇ گېزىتلەردە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئوقۇرمەنلەر زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلار جۈملىدىن جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىغا ئائىت خىلمۇخىل ۋەقەلەر، جۇڭگو ۋە دۇنيادىكى ئىجابىي-سەلبىي شەخسلەر ھەققىدە تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار... قاتارلىق تولىمۇ قىزىقارلىق ماقالىلەر، ئەسلىمىلەر ئېلان قىلىناتتى.

**2007**-يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى، مەن «كونا خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ **2007**-يىلى **12**-ئاينىڭ **6**-كۈندىكى سانىغا بېسىلغان «شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ‹7-ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى›» («发生在新疆的七七政变» — تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «سىياسىي ئۆزگىرىش ناملىق ماقالە» دەپ ئېلىنىدۇ) سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئۇچرىتىپ تولىمۇ ھەيران بولدۇم. ماقالىدا **1911**-يىلدىن **1928**-يىلغىچە شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭ زېڭشىننىڭ قەتل قىلىنىش ئەھۋالى بايان قىلىنغانىدى. شۇغىنىسى، بۇ ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، پىلانلىغۇچىسى، ئىجرا قىلغۇچىسى قاتارلىقلار مەن بۇ ھەقتە ئىلگىرى ئوقۇغان ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەردىكىدىن خېلىلا پەرقلىنەتتى.

**20**-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭ زېڭشىننىڭ قەتل قىلىنىشى **80**-يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان ئەدەبىي-تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن ناتونۇش ۋەقە ئەمەس. بۇ ۋەقە ئەڭ دەسلەپ **80**-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرى تەھرىرلىك ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قەرەللىسىز ئەدەبىي ژۇرنال — «چولپان» دا «ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىنغان (ئېسىمدە قېلىشىچە، ژۇرنالغا يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدىن پارچە بېرىلگەن). ئەسەردە «ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە جاڭجۈك يامۇلىنىڭ ھەربىي ۋە خارجى ئىشلار مەھكىمە باشلىقى (ئەسەردە شۇنداق ئېلىنغان) فەن ياۋنەننىڭ ئالدىنئالا پىلانلاش ئارقىلىق ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈپ، سىياسىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلغانلىقى، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ تاسادىپىي ھالدا تەييارغا ھەييار بولغان مەمۇرىي ئىشلار نازىرى جىن شۇرېننىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشنى بۆشۈكىدىلا يىغىشتۇرۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى ۋە قوماندانى بولۇۋالغانلىقى بايان قىلىنغان.



تارىختىن سۆز

ئەسەردە يەنە فەن ياۋنەننىڭ ئىلغار پىكىرلىك تەرەققىيپەرۋەر زات ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ مۇستەبىت ۋە قالاق ئىدىيەسى بىلەن زادىلا سىغىشالمىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ ئۇنىڭ «شىنجاڭغا جۇمھۇرىيەت نۇرى يېتىپ كەلمەپتۇ. مانجۇ خان ئاغدۇرۇلغان بىلەن ئۇنىڭ خۇنۇك ئەرۋاھى شىنجاڭنى قاراڭغۇ جاڭگالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ يەردە نە مائارىپ، نە مەدەنىيەت، نە خەلقچىللىقنىڭ قىلچە ئەسىرى يوق ئىكەن. ئىچكىرىدىن چىققان ئەمەلدارلار شىنجاڭغا چۆنتەك توشقۇزۇشقىلا كېلىدىكەن. ئۇلار خۇددى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ۋە باغۋارانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، قورسىقى تويغاندىن كېيىن قومۇشلۇققا كىرىپ كېتىدىغان ياۋا توڭگۇزلارغا ئوخشايدىكەن» دېگەن سۆزلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.①

فەن ياۋنەننىڭ ياڭ شېڭشىننى يوقىتىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغانلىقىغا ئائىت مەزمۇنلار بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن يىرىك ئەسلىمىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسلىمىدىمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئىستىبداتلىقى، زالىملىقى، خەلقنى نادانلاشتۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئەمىن تۇتتۇشقا ئۇرۇنغانلىقى، ئىلغار ئىدىيەنى، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى باسىدىغانلىقى، چەكلەيدىغانلىقى، شۇ تۈپەيلى فەن ياۋنەن باشچىلىقىدا مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان 7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى بارلىققا كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مەزمۇنلار بۇ ئىككى كىتابتىلا ئەمەس، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانلىرى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 1 ـ كىتابى «زۇلۇم زىندانلىرىدا»، لىۋ زىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم «2»)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3)... قاتارلىق كىتابلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن ھەممىسىدىلا سىياسىي ئۆزگىرىشنى فەن ياۋنەننىڭ پىلانلىغانلىقى، دىخۋا رۇسچە قانۇن ـ سىياسىي مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۈنشىنىڭ بۇ ئىشتا فەن ياۋنەنگە ھەمكارلاشقانلىقى... قەيت قىلىنىدۇ. بەزى كىتابلاردا ھەتتا «فەن ياۋنەننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە زىياپەت ئەمدى باشلانغان چاغدا ئۇنىڭ بىر ئادىمى ياڭ زېڭشىنغا ئوق چىقارغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭغا داۋاملىق ئوق ئاتقانلىقى، يىقىلىپ ئۆلگەن ياڭ زېڭشىننى ئۆلمەي قالمىسۇن دەپ فەن ياۋنەننىڭ ئۆزى تۈرتۈپ ئىككى پاي ئوق ئاتقانلىقى»② سۆزلىنىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئىلغار پىكىرلىك فەن ياۋنەننىڭ مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن بىلەن چىقىشالمىغانلىقى، فەن ياۋنەن شىنجاڭدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ياڭ زېڭشىننى يوقىتىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇن تۈرلۈك شەكىللەردە بايان قىلىنىدۇ. خۇلاسە كالام، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بۇ ۋەقەنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن شۇنچىلىكلا خەۋەردار، خالاس.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، مەن يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان نوپۇزلۇق كىتابلاردىن قۇسۇر تاپماقچى ئەمەس. مېنى تەئەججۈپكە سالغىنى شۇكى «سىياسىي ئۆزگىرىش ناملىق ماقالىدە فەن ياۋنەننىڭ بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشتىن قىلچە خەۋىرىنىڭ يوقلۇقى، ئەمەلىيەتتە ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكى ھەتتا ئۇنىڭ ئىزباسارى قىلىش ئېھتىمالىمۇ بولغانلىقى.

ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «فەن ياۋنەن يارىلانمىغان بولسىمۇ، توساتتىن پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەردىن ئېسىنى يوقىتىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ تەگدىن تولىسى قېچىپ كېتىپ، تۆت ـ بەشلا ئادەم قالغاندى. فەن ياۋنەن ھەرھالدا ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاچقا، قېپقالغان مۇھاپىزەتچىلەرنى قوراللاندۇرۇپ نەق مەيداننى قوغداشقا باشلىدى...»

ماقالىدا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «فەن ياۋنەن ئىككى ئادەمنى نەق مەيداننى ساقلاشقا قالدۇردى ـ دە، قالغانلارنى باشلاپ جىن شۇرېن بىلەن كېيىنكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە قاراپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە ئىككى باتالىيون ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغانىدى. فەن ياۋنەن ئۇ يەرگە بارسا قولغا چۈشمەي قالمايتتى.»

ماقالىدە يەنە فەن ياۋنەننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە بېرىپ جىن شۇرېننى تاپالمىغانلىقى مەھكىمە قورۇسىدا جىن شۇرېننى چاقىرىپ

تۈۋلىغانلىقى، ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەنلىكى، لېكىن ئۇ ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە كىرىشىگىلا جىن شۇرېننىڭ ئادەملىرى ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالغانلىقى بايان قىلىنغان.

شۇ ئەسنادا جىن شۇرېن پەيدا بولۇپ، فەن ياۋنەننى سوراققا تارتىدۇ. فەن ياۋنەن گەرچە گۇمانلىق ئىش ـ ھەرىكەتتە بولمىغان، جىن شۇرېننىڭ سوراقلىرىغا ئورۇنلۇق جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، جىن شۇرېن قايىل بولماي ئۇنى قولغا ئالىدۇ. فەن ياۋنەن قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرايدۇ، ئاخىرىدا جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فەن ياۋنەن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاش قەستىدە بولماستىن ياڭ زېڭشىن بىلەن ئەپ ئۆتكەن. ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا ھەمدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە خادىملىقىغا تەيىنلىگەن.

خوش، ئەمىسە بۇ ۋەقەنى كىم پەيدا قىلدى؟ ئۇنىڭ يىلتىزى زادى نەدە؟ ماقالىدا «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلەر ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي سىرت ئۆلكىلەردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن پىلانلانغان ھەرىكەت ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شىنجاڭدا ‹7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى› نىڭ يۈز بەرگەنلىكى قارىماققا جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن پىلانلىغان ئىشتەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەقەنىڭ كەينىگە ھەرقايسى گۇرۇھ مىللىتارىستلىرىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلىرى يوشۇرۇنغان.» ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، گومىنداڭ 2 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى، غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى فېڭ يۈشياڭ شىنجاڭغا خېلى بۇرۇنلا كۆز تىكىدۇ، جۈملىدىن ياڭ زېڭشىننى يوشۇرۇن يوقىتىپ شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈش قەستىدە بولىدۇ. ئۇ شۇ مەقسەتتە 1923 ـ يىلىلا يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئادەم كىرگۈزىدۇ. 1928 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئىككى ئادىمىنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ قولىغا چۈشۈپ ئېچىنارلىق ئەھۋالغا قالغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ، بىرىنىڭ شىنجاڭدىن قوغلانغانلىقى③ فېڭ يۈشياڭنىڭ ياڭ زېڭشىننى يوقىتىشتىكى ئاساسلىق باھانىسى بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، فېڭ يۈشياڭنىڭ شىنجاڭغا يوشۇرۇن كىرگۈزگەن ئادىمى، دىخۇا رۇسچە قانۇن ـ سىياسىي مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۇنشى ياڭ زېڭشىننى يوشۇرۇن يوقىتىش ئۈچۈن پائال ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. لېكىن ھېلىگەر جىن شۇرېن ھەرىكەتكە بىۋاسىتە قاتناشماي، جاڭ چۇنشىنى ئاستىرتتىن قوللاش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ھەتتا ۋەقە يۈز بېرىدىغان زىياپەت ئۈستىدىمۇ «ھۆكۈمەت ئىشى چىقىپ قالغانلىقى» نى باھانە قىلىپ سورۇندىن كېتىپ قالىدۇ. كېيىنچە ۋەقەنى بېسىقتۇرغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ فەن ياۋنەن، جاڭ چۇنشى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرىدۇ ھەمدە شىنجاڭنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە قوماندانى بولۇۋالىدۇ. بۇ جەرياندا جاڭ چۇنشى جىنايەتچى سۈپىتىدە جازاغا تارتىلغان بولسىمۇ، گۇناھسىز فەن ياۋنەن ئەخمەق قىلىنىدۇ، تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولىدۇ.

ۋەقە 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يۈز بېرىدۇ، فەن ياۋنەنمۇ شۇ كۈنى كۈندۈزى قولغا ئېلىنىپ كېچىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ. لېكىن جاڭ چۇنشى گەرچە ھېچ نەگە قېچىپ كەتمەي بەخىرامان يۈرگەن بولسىمۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى قولغا ئېلىنماي 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قولغا ئېلىنىدۇ، 13 ـ كۈنى ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى جىن شۇرېن جاڭ چۇنشى بىلەن شېرىك بولغاچقا دەسلەپتە ئۇنى قولغا ئالمايدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ فېڭ يۈشياڭ سىستېمىسىغا بەيئەت قىلىش ياكى نەنجىڭگە بويسۇنۇش ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ نەنجىڭ تەرەپ بۇ ۋەقەگە قارىتا ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ. جىن شۇرېن شۇ چاغدىلا ئاۋۋالقى خوجايىنى فېڭ يۈشياڭدىن يۈز ئۆرۈپ جاڭ چۇنشىنى قەتل قىلىدۇ.

ۋەقەدىن كېيىن جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ رەئىسى ۋە باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى كەڭ تۈردە ئىشقا سېلىپ جامائەت پىكرى توپلايدۇ ۋە جۈملىدىن «فەنياۋنەن

سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ياڭ جياڭجۇڭنى ئۆلتۈردى» دېگەن خەۋەرنى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىدۇ. بۇ خەۋەر ئەينى زاماندا نۇرغۇن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدۇ، تۈرلۈك ئارخىپ ماتېرىياللىرى ھەمدە تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئورۇن ئالىدۇ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىدۇ. ئەنە شۇ تەرزدە بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىدۇ.

مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈم: ھەقىقەتەنمۇ «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ باش پىلانلىغۇچىسى فەن ياۋنەن بولماستىن فېڭ يۈشياڭمىدۇ؟ «7 ـ ئىيىل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ناملىق ماقالىدە تىلغا ئېلىنغاندەك، ھەقىقىي ئەھۋال پۈرسەتپەرەست، ھىيلىگەر جىن شۇرېن تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ كەتكەنمىدۇ؟ چۈنكى، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت ئۈستىدە بولغانلىقتىن ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇ كاتتا ھوقۇق ۋە ئەمەلىي كۈچ ئارقىلىق ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىۋېتەلەيدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ «تارىخنى مەغلۇپلار ئەمەس، غالىپلار يازىدۇ» دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟

ئەمەلىيەتتە، «ئويغانغان زېمىن» رومانى ياكى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، «ئۆمۈر داستانى»، «ئۇيغۇر تارىخى» قاتارلىق كىتابلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدىلا فەن ياۋنەن ئىلغار پىكىرلىك تەرەققىيپەرۋەر كىشى سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان. شۇڭلىنىسى بۇ كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇنىڭ ياڭ زېڭشىنىنى ئۆلتۈرۈشكە ئالاقىدار كونكرېت تەييارلىقى ياكى بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆزى تىلغا ئېلىنمىغان.

ئېھتىمال ئۇ نەسلىدىكى ئاپتورنىڭ جىن شۇرېننىڭ تەشۋىقاتىنى بويلاپ قاناتلاندۇرغان ئوي ـ خىيالىدۇ ياكى قىياسىدۇ؟ نۆۋەتتە بۇنى يەنىمۇ دەلىللەپ بېرىدىغان ئىسپات تېپىلمىدى. بۇنى ئىنقىلاش ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى تەپسىلاتلارنى خېلى ئۇزاق ئۆگىنىش ـ تەتقىق قىلىش ۋە باش چۆكۈرۈپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

# شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «7ـئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»

مىڭ دوڭ

1928 ـ يىلى (مىنگونىڭ 17 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى جياڭ جيېشى، ھەرقايسى گورۇپپىۋوي ئارمىيە قوماندانلىرىدىن فېڭ يۈشياڭ، لى زۇڭرېن، يەن شىشەن ھەمدە ھەرقايسى يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلار بېيجىڭنىڭ شياڭشەن دېگەن يېرىدىكى بىيۈن ئىبادەتخانىسىغا يىغىلىپ مەرھۇم زۇڭلى سۇن جۇڭشەن ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزدى. ئاشكارا ئېلان قىلىنغان دۇئا ـ تىلاۋەت ئاخباراتىدا «مىللەتلار ـ ستلارنى يوقىتىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىشنى ئورۇندايلى» دېگەن شوئار يۇكسەك دەرىجىدە تەكىتلەندى.

دۇئا ـ تىلاۋەت ئاخباراتىنىڭ سىياسىي قورۇماي تورۇپلا قانلىق ۋەقە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ۋەقە شۇ كۈننىڭ ئەتىسى يەنى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يۈز بەردى. ۋەزىپىگە ئولتۇرغىلى ئەمدىلا يەتتە كۈن

بولغان مىللىي ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ياڭ زېڭشىن ھەمدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى شىنجاڭغا ئالاھىدە خادىم قىلىپ ئەۋەتكەن فەن ياۋنەن قاتارلىقلار شىنجاڭ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. غەربىي شىمالدىن تارقالغان بۇ خەۋەر پۈتكۈل دۆلەتنى زىلزىلىگە سېلىپ «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى. بۇ ۋەقە مىنگونىڭ 17 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يۈز بەرگەچكە «7.3 سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ ۋەقە ھەققىدە شىنجاڭ دائىرىلىرى: «دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىمى فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى» دېدى؛ بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا: «خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن قانلىق ۋەقە پەيدا

قىلىپتۇ» ، «جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقالدى. قىسقىسى، بىر ـ بىرىگە زىت خىلمۇ خىل گەپلەر نوتتۇرىغا چىقتى. سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى قاتمۇقات تۇمانلار قاپلىۋالدى.

شۇ يىلى 6 ـ ئايدا شىمالغا يۈرۈش ئاخىرلىشىپ، جۇڭگو ۋەزىيىتىدە قايتىدىن بىرلىككە كېلىش بارلىققا كەلدى. سابىق شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ياڭ زېڭشىن شۇ ئاينىڭ 6 ـ ، 10 ـ ، 16 ـ كۈنلىرى نەنجىڭگە ئارقىمۇ ئارقا تېلېگرامما ئەۋەتىپ مىللىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەسلىدە، ياڭ زېڭشىن ئانچىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنمايدىغان شەخس ئىدى. شۇغىنىسى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تارقالغان «شەرقتە يۈەن (شىكەي)، غەربتە ياڭ (زېڭشىن) دىن ئىبارەت ئىككى نوچى بار» دېگەن گەپتىن ئۇنىڭ ئەينى زاماندا خېلى نامى چىققانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭدا يېڭى تۈزۈم يولغا قويۇلدى، ياڭ زېڭشىن يەنىلا شىنجاڭنىڭ رەئىسى بولدى. ئەسلىدىكى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا ھەمدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە خادىملىقىغا تەيىنلەندى. فەن ياۋنەن كۆپتىن بۇيان بېيجىڭگە قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشنى ئويلايتتى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ خالىغان چاغدا ئەمەلدىن ئىستېپا بېرىپ قايتىشىغا قوشۇلغانىدى. ئەينى زاماندا شىنجاڭدىكى قورallıق كۈچ ئون مىڭدىن ئاشمايتتى. شۇڭا ھەربىي ئىشلار نازارىتى بۆلۈم دەرىجىسىگە چۈشۈرۈلۈپ خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغانىدى. ئۇنى جىن شۇرېن باشقۇراتتى. ياڭ زېڭشىن بۇ ھەقۇقنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى، «قىزىل، سېرىق، كۆك، ئاق، قارا» رەڭلىك بايراق چۈشۈرۈلۈپ، كۆك ئاسمان، ئاق كۈن، قىزىل يەر بەلگە قىلىنغان بايراق چىقىرىلدى. شۇ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قانلىق ۋەقە يۈز بەردى. جىن شۇرېن نەنجىڭگە تېلېگرامما يوللاپ ئۆزىنىڭ رەئىس بولغانلىقىنى بىلدۈردى. تېلېگراممىدا فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈپ پارتىيەگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىندى.

### پەردە ئارقىسىدىكى قوماندان كىم؟

شىنجاڭدا «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ يۈز بەرگەنلىكى قارىماققا جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن پىلانلىغان ئىشتەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەقەنىڭ كەينىگە ھەرقايسى گۇرۇھ مىلىتارىستلارنىڭ شىنجاڭنى تېزگىنلەش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلىرى يوشۇرۇنغان.

1926 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» فېڭ يۈشياڭ تېلېگرامما يوللاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا ئاۋاز قوشتى. مىللىي ھۆكۈمەت ئۇنى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە 2 ـ گورۇپپىۋي ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئەزاسى، مىللىي ھۆكۈمەت ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىدى. كېيىنچە، فېڭ يۈشياڭ جياڭ جيېشىغا شىنجاڭ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 2 ـ گورۇپپىۋور ئارمىيەسىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئېيتتى. جياڭ جيېشى فېڭ يۈشياڭنىڭ كۈنسېرى زورىيىۋاتقان كۈچىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ فېڭ يۈشياڭغا شىنجاڭنى ئىككى ياكى ئۈچ ئۆلكىگە بۆلمەكچى بولۇۋاتقانلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭنى فېڭ يۈشياڭغا بېرىشكە قوشۇلىدىغانلىقى، بىراق ئۇنىڭ يەن شىشەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

فېڭ يۈشياڭنىڭ غەرەزى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ شىنجاڭغا ئىگە بولۇشتا «ئۇرۇش قىلماي ئادەمنى تىز پۈكتۈرۈش» ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ياڭ زېڭشىن بىلەن ئۇرۇش قىلماي، بەلكى ئۇنى يوقىتىش ھېيلىسىدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتاتتى. ياڭ زېڭشىن فېڭ يۈشياڭنىڭ قەستىدىن خەۋەردار ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز بولۇپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالمايتتى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئۆزىنى قاچۇرۇش تاكتىكىسىدىن پايدىلىنىپ، كۈچلۈك دۈشمەندىن ئامان قېلىشنى ئويلايتتى.

1928 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، فېڭ يۈشياڭنىڭ قول ئاستىدىكى جاۋ مىياۋچۈەن، شۇ جىزەنلەر گەنسۇدىن

شىنجاڭغا قاراپ ماڭىدى. ئۇلار ئارايۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) غا كەلگەندە قولغا چۈشۈپ، دىخۇا (ئۈرۈمچى) غا ئېلىپ بېرىلدى. ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىككىيلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىشىغا يول قويۇلمايتتى، ئەمەلىيەتتە، نەزەربەندتە ئىدى. 3-ئاينىڭ 3-كۈنى ئىككىيلەن ئوت قويۇپ قاچماقچى بولدىيۇ، ئىش ئەپلەشمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار دىخۇا سولاقخانىسىغا يۆتكىۋېتىلدى. بۇ چاغدا، فېڭ يۈشياڭنىڭ قىسمى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەنىدى. فېڭ يۈشياڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ قاماپ قويۇلغانلىقىغا ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. لېكىن ئۇنىڭ بەش يىل ئىلگىرى شىنجاڭغا يوشۇرۇن كىرگەن ئادىمى جاڭ چۈنشى بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بار ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جاڭ چۈنشى «ياڭ زېڭشىننى يوقىتىش» مەخپىي ھەرىكىتىنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا، جاڭ چۈنشى دىخۇا رۇسچە قانۇن-سىياسىي مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىدى. جاڭ چۈنشى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىشقا جىن شۇرېننى تاللىدى. جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىننىڭ مۇرىتى بولسىمۇ، كەيپ-ساپا، قانۇنسىزلىق ۋە پارىخورلۇقتا ئۇچىغا چىققانىدى. شۇغىنىسى، ياڭ زېڭشىن جىن شۇرېننى ھامان قانات ئاستىغا ئالاتتى. ئەسلىدە، جىن شۇرېننىڭ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئىستېپا بەرگۈدەك بولسا، جىن شۇرېن ئۆزىنى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋارىس ھېسابلايتتى. ھالبۇكى، ياڭ زېڭشىن ئۆزىگە ۋارىس تاللاشتا جىن شۇرېننى ئويلاشمىغانىدى. مۇبادا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىن كېتىپ قالغۇدەك بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىلار ئولتۇراتتى. بۇنداق بولغاندا جىن شۇرېنغا ياخشى كۈن يوق ئىدى. جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ غېمىنى يېيىش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ۋارىسى دەپ ھېسابلانغان فەن ياۋنەننىمۇ يوقىتىلىدىغان ئوبيېكت دەپ قارىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ جاڭ چۈنشىنىڭ پىلانىنى تەبىئىي قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. جىن شۇرېن پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە جاڭ چۈنشى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلسا بولىدۇ، ئادەم قانچە كۆپ قاتناشسا مەخپىيەتلىك شۇنچە ئاسان ئاشكارىلىنىدۇ دەپ قارىدى. لېكىن پۇرسەتنى تېپىش تولىمۇ تەس بولۇۋاتاتتى. چۈنكى جىن شۇرېن بىۋاستە قاتنىشىشنى رەت قىلىپ، جاڭ چۈنشىنى ئاستىرتتىن قوللاشنى خالايتتى. جاڭ چۈنشى ھەدەپ پۇرسەت ئىزدەيتتى. لېكىن پىلانلانغان ئىش يەنىلا سۆرىلىپ كېتىۋاتاتتى. 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا، جاڭ چۈنشى جىن شۇرېنغا رۇسچە قانۇن-سىياسىي مەكتىپى 7-ئاينىڭ باشلىرىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن ئادەتتە مەكتەپكە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇ قېتىم ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئېھتىمالى تولىمۇ زور ئىدى. جاڭ چۈنشى بۇنى تاپقىلى بولمايدىغان بىر پۇرسەت دەپ قارىدى، جىن شۇرېن جاڭ چۈنشىنىڭ ھەرىكەت پىلانىغا قوشۇلدى. جاڭ چۈنشى شەخسەن ئۆزى ھەرىكەت قىلماقچى بولغىنىنىڭ سەۋەبى شۇكى، باشلىقىنىڭ يولیورۇقىدىن تاشقىرى، بەش يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ شىنجاڭدا زادىلا تەلىيى ئوڭ كەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ شارائىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن ئورۇنۇپ باقماقچى بولدى.

## قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىكى ھەقىقىي ئەھۋال

7-ئاينىڭ 7-كۈنى دىخۇا رۇسچە قانۇن-سىياسىي مەكتىپى تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلوڭ ياڭ زېڭشىنغا ۋاكالىتەن خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەتكەچكە، جىن شۇرېن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرىغا ۋاكالىتەن ياڭ زېڭشىننى مۇراسىمغا تەكلىپ قىلدى. ياڭ زېڭشىن تەكلىپكە بىنائەن سورۇنغا يېتىپ كەلدى. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن كۆپچىلىك بىرلىكتە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى. ئاندىن كۆپچىلىك خۇشال-خۇرام ھالدا سىنىپقا كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىن بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇردى. زىياپەت داۋاملىشىۋاتقاندا جىن شۇرېن «ھۆكۈمەت ئىشى چىقىپ قالدى» دەپ سورۇندىن ئايرىلدى. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدى، تاماققا

ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا تونۇش بولغاچقا، ياڭ زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قوشنا خانىغا توپلىشىپ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. ھاۋا تولىمۇ ئىسسىق ئىدى. قەدەھ ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچىلەر قوراللىرىنى يانغا قويۇپ، چاپانلىرىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى. جاڭ چۈنشى ساھىپخان سۈپىتىدە مېھمانلارغا ھاراق تۇتتى. ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۇساتتىن ھاراق بوتۇلكىسىنى ئۈستەلگە قويدى. شۇ ھامان ئوق ئاۋازى ياڭرىدى، ياڭ زېڭشىن يەتتە پاي ئوق يەپ نەق مەيداندا ئۆلدى. قورقۇنۇش نازارىتىنىڭ نازىرى يېن يۈشەن ئېغىر يارىلىنىپ، يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى. ئوق ئاۋازى ياڭراشقا باشلىغاندا كىشىلەر مۇراسىمنى تەبرىكلەپ پوجاڭزا ئېتىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئېرەڭشىمىدى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن: «بىرى ياڭ جياڭجۈنگە قەست قىلدى!» دەپ ۋارقىرىدى. تەرتىپ بۇزۇلۇپ مالىمانچىلىق يۈز بەردى. فەن ياۋنەن يارىلانمىغان بولسىمۇ تۇساتتىن پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەردىن ئېسىنى يوقىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ تەگدىن تولىسى قېچىپ كېتىپ، تۆت - بەشلا ئادەم قالغانىدى. فەن ياۋنەن ھەرھالدا ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاچقا، قېپقالغان مۇھاپىزەتچىلەرنى قوراللاندۇرۇپ، نەق مەيداننى قوغداشقا باشلىدى. جاڭ چۈنشى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى.

فەن ياۋنەن ئىككى ئادەمنى نەق مەيداننى ساقلاشقا قالدۇردى - دە، قالغانلارنى باشلاپ، جىن شۇرېن بىلەن كېيىنكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە قاراپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا، جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە ئىككى باتالىيون ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغانىدى. فەن ياۋنەن ئۇ يەرگە بارسا قولغا چۈشمەي قالمايتتى.

فەن ياۋنەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي ھويلىسىغا جايلاشقان خەلق ئىشلار نازارىتىگە بېرىپ جىن شۇرېننى تاپالمىدى. جىن شۇرېننىڭ غەربىي ھويلىدىكى تۇرالغۇسىغىمۇ باردى، جىن شۇرېن ئۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. فەن ياۋنەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ قورۇسىدا: «ياڭ جياڭجۈن ئۆلتۈرۈلدى!»، «بۇرادەر دېنەن (جىن شۇرېننىڭ تەخەللۇسى) سىز قەيەردە؟» دەپ توۋلىدى. ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. لېكىن ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە كىرىشىگىلا، جىن شۇرېننىڭ ئادەملىرى ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالدى.

— قوراللىق ئادەملەرنى باشلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟ — سورىدى جىن شۇرېن تەئەددىي بىلەن.

— ياڭ جياڭجۈن (قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياڭ زېڭشىننى ياڭ جياڭجۈن دېيىشەتتى) جاڭ چۈنشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، — دېدى فەن ياۋنەن ئۆزىنى ئاقلاپ، — نازىر يېن يۈشەن ئېغىر يارىلاندى. مەن سىز بىلەن كېيىنكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلدىم.

جىن شۇرېن مەسخىرە بىلەن كۈلدى:

— كېيىنكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش دېگەن نېمە ئۇ، ئېنىقكى، سىز جاڭ چۈنشى بىلەن بىرلىشىپ ياڭ جياڭجۈننى ئۆلتۈردىڭىز، ئەمدى مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىز.

فەن ياۋنەن چۆچۈپ كەتتى.

— جاڭ چۈنشى ئوق چىقىرىپ ياڭ جياڭجۈننى ئۆلتۈردى. سورۇندىكى ھەممەيلەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. سىز مېنى قانداقلارچە قاتىل دەپ قالدىڭىز؟ — دېدى ئۇ.

— لېكىن سورۇنغا قاتناشقان ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدىكى خادىملاردىن سىزلا يارىلانماپسىز. بۇ سىزنىڭ جاڭ چۈنشىنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكىڭىزگە يېتەرلىك ئىسپاتقۇ؟ — دەپ پەيلىنى بۇزدى جىن شۇرېن.

— قاتىل بىلەن قېچىپ كەتمەي ئۇنى قوغلىغان ئادەم قاتىلنىڭ شېرىكى بولامدىكەن؟ — فەن ياۋنەن ئۆزىنى ئاقلاشقا گەپ تاپالماي قالدى.

جىن شۇرېن ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋەردى:

— فەن ئەپەندىمنىڭ قاتىلنى قوغلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە كەلگەنلىكى كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

— مەن بۇ يەرگە قاتىلنى قوغلاپ ئەمەس، بەلكى قاتىلنى قانداق قىلىپ تۇتۇش ئۈستىدە سىز بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەلدىم، — دېدى فەن ياۋنەن

ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەپ.

جىن شۇرېن فەن ياۋەنىنى ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلدۇرماقچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ كېلىش ھاجەتمىكەن؟

— مالىمانچىلىقتا ئۆز ئامانلىقىم ئۈستىدە ئويلىشىشقا مەجبۇر بولدۇم، شۇڭا ئەسكەر باشلاپ كەلدىم، — دېدى فەن ياۋەن قىلتاقتا دەسسىگۈسى كەلمەي.

جىن شۇرېن قولغا چۈشكەن ئولجىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمىدى:

— سىزگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويىدىغان بولدۇم، مۇھىم ئىشلارنى توغرا چۈشىنەرسىز، ئىشلار ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن سىزنى قويۇۋېتىمەن.

— ئىشلار بەكمۇ جىددىي، ھېسسىياتىڭىز بويىچە ئىش تۇتسىڭىز بولمايدۇ، — دەپ ئەسەبەت قىلدى جىن شۇرېنغا ئىشلارنى جىددىيلەشتۈرگۈسى كەلمىگەن فەن ياۋەن.

— فەن ئەپەندى تولا ئېغىز ئۇپراتمىسىمۇ بولىدۇ، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى جىن شۇرېن ۋە ئەسكەرلەرگە فەن ياۋەننى يالاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي فەن ياۋەننىڭ تاياق يېگەن چاغدىكى ئېچىنىشلىق تۈۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە بىر پەستىن كېيىن بىرەيلەن كىرىپ جىن شۇرېنغا فەن ياۋەننىڭ زادىلا ئىقرار قىلمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن ياڭ زېڭشىنغا قەست قىلىشقا ئالاقىدار ھېچقانداق ئىسپات تېپىلمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چاتاق چىقىشتىن قورققان جىن شۇرېن شۇ كۈنى كېچىدىلا فەن ياۋەننى قەست قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ قەتل قىلىۋەتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ كاتىپى جىن شۇرېننىڭ فەن ياۋەننى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «ھەرقايسى نازارەت، ۋىلايەتلەردە فېئودال ئىدىيىسى كۈچلۈك ئادەملەر كۆپ. ئۇلار يېڭىدىن كەلگەن فەن ياۋەن بىلەن ئىدىيە جەھەتتىن ماسلىشالمىدى» دېگەنىدى. ياڭ زېڭشىن فەن ياۋەننى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىمۇ جىن شۇرېن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ھەسەت قوزغىغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىسى جاڭ چۈنشى دىخۇادىن قېچىپمۇ كەتمىدى. جىن شۇرېن ئۇنى شۇ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قولغا ئالدى، 13 ـ كۈنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن گەنسۇدىكى فېڭ يۈشياڭ سىستېمىسىغا تەۋە ليۇ يۈفېن قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ خەۋىرى كەلدى. جىن شۇرېن « فېڭ يۈشياڭ سىستېمىسىغا بەيئەت قىلىش» ياكى «نەنجىڭغا بويسۇنۇش» ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ قالدى. كېيىنچە، نەنجىڭ تەرەپتىن ئاشكارا يولىيورۇق كەلدى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ جاڭ چۈنشىنى قەتل قىلدى.

## ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇۋېلىش

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جىن شۇرېن مۇۋەققەت ئۆلكە باشلىقى نامى بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە مۇنداق دەپ تېلېگرامما يوللىدى: «مۇشۇ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رەئىس ياڭ زېڭشىن دىخۇادىكى رۇسچە قانۇن ـ سىياسىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى. دىپلوم تارقىتىلىۋاتقاندا ئەسكەرلەر سابىق دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىمى فەن ياۋەننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن رەئىسكە ئوق چىقاردى. رەئىس ياڭ زېڭشىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي شۇ كۈنى قازا قىلدى. فەن ياۋەن ۋە ئۇنىڭ قاتىل ئەسكەرلىرى قولغا ئېلىندى. يەرلىك ھۆكۈمەت جىددىي يىغىن ئېچىپ، جىن شۇرېننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلىدى.» 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى ھەرقايسى نوپۇزلۇق گېزىتلەر جىن شۇرېننىڭ يەنە بىر تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «مالىمانچى گورۇھنىڭ كاتتىۋېشى فەن ياۋەن لۈكچەكلەرنى باشلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار 3 ـ زالنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلدى. بۇ لۈكچەكلەر ئارمىيە، ھۆكۈمەت، جامائەتچىلىك ھەممە سودىيدىن ئىبارەت ھەرقايسى ساھەنىڭ قاتتىق غەزىپى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. جامائەتچىلىك كەمىنە جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە ھەممىدە باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى. بۇنى رەت قىلىشقا ئىمكان بولمىدى. چۈنكى ئازراقلا بوشاڭلىق قىلىنسا

جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭ زىلزىلىگە كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. كەمىنە جىن شۇرېن جامائەتچىلىكنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن ئۆشبۇ مۇشكۈلاتنى زىممەمگە ئېلىپ، قوشۇننى ھەربىكەتلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. مالىمانچى گورۇھنىڭ كاتتىۋېشى فەن ياۋنەن ۋە ئۇنىڭ 21 شېرىكى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈلۈپ قانۇن بويىچە قەتل قىلىندى. كوماندىر ـ ئەسكەرلىرىمىزدىن بەش كىشى قازا تاپتى، ئون نەچچە كىشى يارىلاندى. پېقىرنىڭ تالانتى ۋە ئىقتىدارى تولىمۇ تۆۋەن. چېگرا رايوننى قوغداپ غەربىي شىمالنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا تېزلىكتە ئەقىل كۆرستىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە باش قوماندانى جىن شۇرېن.» جىن شۇرېن پاكىتنى يوشۇرسىمۇ، بۇ ئىككى تېلېگراممىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئۆزئارا زىددىيەتلىك جايلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. لېۋ يۈفېن 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جىن شۇرېننىڭ تېلېگراممىسىغا قارىتا ئەنجىڭگە «جىن شۇرېن مۆلكىي خادىملارغا تەۋە، ئىقتىداردا ياڭ زېڭشىندىن تولىمۇ تۆۋەن، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالمايدۇ» دەپ تېلېگرامما يوللىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتىنى تۈزەش ئۈچۈن «چېنىققان، پاك ئادەملەرنى ئەۋەتىش كېرەك» دەپ تەكلىپ بەردى. يۇقىرىقىلاردىن لېۋ يۈفېن جىن شۇرېننىڭ ئەنجىڭ تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنلىكىدىن تولىمۇ نارازى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جىن شۇرېن يەنە شىنجاڭدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ، ئەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئۆزىنى رەئىسلىككە تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھەربىكەتلەندۈردى. لېكىن مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى تەن يەنكەي جىن شۇرېن قانلىق ۋەقەگە قاتناشقان دەپ قاراپ تەيىنلىمىدى. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جياڭ جيېشى تەن يەنكەينىڭ ئورنىغا مىللىي ھۆكۈمەتكە رەئىس بولدى. شۇ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جياڭ جيېشى جىن شۇرېننىڭ ماتېرىيالىنى قايتا «مۇزاكىرە» قىلىش ئۈچۈن ئەستىقلاپ دۆلەت مەجلىسىگە چۈشۈردى. جياڭ جيېشىنىڭ قاتتىقشى ئارقىلىق جىن شۇرېننىڭ ئۈستۈرۈلۈشى ئاخىرىدا ماقۇللاندى. گومىنداڭنىڭ پېڭ چاڭگۇاڭ، جاڭ جىبىن، جۇ شۇلبىي قاتارلىق مۇھىم ئەربابلىرى بۇ ئىشقا ئاشكارا قارشى تۇردى، فەن ياۋنەنگە ئۇۋال بولدى دېيىشتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇنىڭغا قارىتا «ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىش كېرەك»، «جىن شۇرېن ئۈستۈرۈلۈشى لازىم، ئۇنىڭ ئورنى فېڭ يۈشياڭنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك» دەپ ئىنكاس بىلدۈردى.

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ جىن شۇرېننى دىخۇادىن ھەيدىۋەتتى. بۇ خۇددى «ياخشىلىق قىلساڭ ياخشىلىق كۆرىسەن، يامانلىق قىلساڭ يامانلىق» دېگەندەك ئىش بولدى. ئەينى زاماندا بېيجىڭدا چىقىدىغان «سەھەر گېزىتى» نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىننى يوقاتتى، شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن پايدىلاندى، ئاخىرىدا ئۇنى يوقاتتى.»

(خەنزۇچە «كونا خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى)

(مەسئۇت خالىت تەرجىمىسى)

(تەرجىمان شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىن ئارامغا چىققان)

مەسئۇل مۇھەررىر: شاكىرجان ئېلاجى

---

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئويغانغان زېمىن» 4 ـ بەتكە قاراڭ.

② سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانلىرى» 1 ـ كىتاب 169 ـ بەتكە قاراڭ.

③ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 23 ـ ، 234 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

# ئالقىش ۋە ئۈمىد



ئابدۇۋەلى مۇقىيىت



2011 - يىلى ئاخىرلىشىپ 2012 - يىلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خەيرلىك كۈنلەردە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ھوشۇر ئىسلامنىڭ جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر كەلدى. ئالەمچە خۇشاللىقتىن بەھرىلىنىش ئۈچۈن دوستلار ئارا خۇش خەۋەر يەتكۈزدۇق. يىراقتىن تۇرۇپ ئۇ ئالىمنى تەبرىكلىدۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەبرىكلەۋاتاتتۇق، تەنتەنە قىلىۋاتاتتۇق.

ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئاكادېمىك بولغانلىقى يېڭى يىل بوسۇغىسىدا تۇرۇپ ئويلىنىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىلھام، غەيرەت ئاتا قىلىش بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئۇچۇر بەردى.

ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئىلىم - پەندىكى مۇھىم تۆھپىسى كومپيۇتېردا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان يۇمشاق دېتال سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە كۆرۈلدى. ئۇ يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇز خىلدىن ئارتۇق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە يۇمشاق دېتال سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق، ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئۇچۇر - ئالاقە، تور، رادىيو - تېلېۋىزىيە، مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقىنى بىمالال ئىشلىتىش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى. بۇ ئارقىلىق يارىتىلغان بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىق ئىقتىسادىي قىممەت 125 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

ھوشۇر ئىسلامنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتى ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن ئىشلەۋاتقان تەتقىقاتچىلىرىمىزغا ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بەل باغلىغان ئىستۇدېنتلىرىمىزغا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۈمىد بېغىشلىدى.

ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا كىشىلەر مۇنداق بىر مەنزىرىنى كۆردى. ئۇزۇن يىل ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالغان ئىراق دۆلىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى كونا مايكا، يىرتىق تەنھەرىكەت ئايىغى كىيىپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا مۇسابىقىگە قاتناشتى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارغا مەدەت بېرىپ ئالقىش ياڭراتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا «ئۆزىنىڭ ھالىغا تەن بېرىپ، بۇ مۇسابىقىگە قاتناشمىسىچۇ، مۇسابىقە ئۇلارنىڭ نېمىسىنى ئۆزگەرتەلەيتتى؟» دېگەن ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قارىدى.

ئىراق تەنھەرىكەتچىلىرى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق «توغرا، تەقدىرنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدا بىزنىڭ ئورنىمىز بەكمۇ ئارقىدا، ئەزەلدىن ئارتۇقچە كۆيۈنۈشكە ئېرىشىپ باقمىغان. بىز مۇسابىقىگە ئاتلانغاندا كىيگەن كىيىمىمىز باشقىلارنىڭكىدەك ئېسىل ئەمەس. نەتىجە قازىنىشتا ئۈمىد بەك ئاز بولسىمۇ، بىراق بىز يەنىلا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا

كۆڭۈل ئىزھارى

داۋاملىق تىرىشىپ، ئۈمىدتىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھىرىمىزنى قەدىرلەشتە بوشاڭلىق قىلمايمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىنسانىنىڭ ئىمتىيازىغا يىلتىز تارتقان ئۈمىد. شۇڭا ئۇ بىزنى ئەڭ ئېغىر، ئەڭ جاپالىق، ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ ئالغا ئۈندەيدىغان كۈچ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ھوشۇر ئىسلامنىڭ پەن-تېخنىكىدا ياراتقان مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ جەمئىيەتكە ئاتا قىلغان مەنىۋى قىممىتى ئۇ ياراتقان ئىقتىسادىي قىممەتتىن ھەرگىز كەم ئەمەس.

ھوشۇر ئىسلامنىڭ 45 ياشتا كومپيۇتېرغا ئىشتىياق باغلىشى، كەسپىي ئۈچۈن ئېنگلىز تىلى ئۆگىنىشى، 25 يىل ئىزچىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان قەيسەر روھى بىزگە يۈكسەك غايە ئۈچۈن ياشاشنىڭ ئۆزىلا بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكىنى دەل بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇپ، ئانا تىلىمىزدا بىزنىڭ ئېسىمىزگە سالدى.

چوققا يىگانە ھالدا تىلغا ئېلىنسىمۇ ئەمما ئۇ ئۆزىنى سوزۇلغان بىر پۈتۈن تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى. چوققا ئەلۋەتتە ئەتراپىدىكى سانسىزلىغان تاغلارنىڭ ئوراپ تۇرۇشى بىلەن ھاسىل بولغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئىلىم-پەن چوققىسىدا چاقنىشى، ھەرگىزمۇ يەككە-يىگانە ئىش ئەمەس. بەلكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان ئوتتۇز يىل مابەينىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىلىم-پەن قوشۇنىنىڭ بەلگىلىك بىر كۆلەمگە، بەلگىلىك بىر ساپاغا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. شۇنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن دېيەلەيمىزكى ئۆزۈنغا بارماي بىزنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئاكادېمىكلىرىمىز مەيدانغا چىققۇسى.

بىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە، ئۆز خەلقىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ غايەت زور بەدەل تەلەپ قىلىدىغىنى ھەممىمىزگە ئايان. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ئۆز ئوبرازىنى ئەينەككە قاراپ ياراتقان ئەمەس، بارلىقىنى كەسپكە بېغىشلاش ۋە تىنىم تاپماي ئىزدىنىش ئارقىلىق تىكلىگەن.

بىز ھوشۇر ئىسلامنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىرىگە ئالقىش ياڭرىتىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئۈمىد ۋە جاسارىتىگە تەشەككۈر ئېيتىمىز.

ئالىمنىڭ ۋە بارلىق ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ 2012-يىلىدىكى ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

(ئاپتور: غۇلجا شەھەر روشەن كوچا 153-قورۇدا)

# تىللا تىلەك، تەبرىكلىرىمىز

(پروفېسسور ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئانا يۇرتى چاپچال ناھىيە چوڭ بۇغرا يېزا سوپۇمبۇلاق كەنت دېھقانلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاكادېمىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ يازغان تىلەك تەبرىك نەزمىسى)

سالام سىزگە ھوشۇر ئىسلام سوپۇمبۇلاقتىن،
سىز ئىچكەن سۇ، سىز ئۆسكەن يۇرت، قازان-تۇۋاقتىن.
سالام يەنە سىز يۈرگەن ساي، سىز تەرگەن ئېتىز،
قىشتا ئاق قار، باھاردىكى يېشىل شىۋاقتىن.

تەۋرەپ كەتتى سوپۇمبۇلاق بۈگۈن سەھەردە،
سۆزلىنىپتۇ رادىيودىن بەرگەن خەۋەردە.
ھوشۇر ئىسلام ئالىملىقتا ئۇنۋان ئاپتۇ، دەپ،
يەنە شۇ گەپ ئۈچ-تۆت ئادەم يىغىلغان يەردە.

ھاياجاندا توختىتالماي ئاققان كۆز ياشنى،
بىلمەي قالدۇق سىزگە گەپنى نەدىن باشلاشنى.
تەرىپىڭىز سۆزلەنگەندە مەكتەپتىن تارتىپ،
تۈننى تاڭغا ئۇلاپ چىقتۇق، ئېچمەستىن ئاشنى.

كۆزياش دېگەن بىر خۇشاللىق، بىر دەردتىن دەيدۇ،

خۇشاللىقتىن تۆككەن ياشقا ھېچنېمە يەتمەيدۇ.
يا خۇش خەۋەر، يا بىر ئامەت ۋەجى ـ سەۋەبى،
ئۇلارغىمۇ يەنە ئارتۇق تەبىر كەتمەيدۇ.

سوپۇمبۇلاق ياخشىلاردىن شەرەپ تاپقان يۇرت،
مازارىدا سەككاكىدەك ئۇلۇغ ياتقان يۇرت.
سۇ بولسىمۇ، يەرگە لايىق بىلىم بولمىغاچ،
ئىسلاھاتقا قول يەتكۈچە جاپا تارتقان يۇرت.

ھوشۇر ئىسلام، سىز شۇلارنى بىلىپتىكەنسىز،
ئىلىم ـ پەننىڭ قىزىقىدا ئېرىپتىكەنسىز.
خىلۋەتتىكى قاشاشلىقنى تۈگەتمەي تۇرۇپ،
ياشلىقتىلا ئەلگە قەسەم بېرىپتىكەنسىز.

«بىر ياخشىنىڭ داڭقى چىقار، بىر يامانىنىڭ!» دەپ،
ھەركىم ئۈچۈن تەييار ئىكەن لايىقىدا گەپ.
شۈبھىسىزكى، ياخشى يۇرتتىن چىققان ئالىمنىڭ،
تۇتقان يولى ئالەم خۇشتار، دۇنياۋى ئەدەب.

بېشى كۆككە يەتتى شۇڭا، «سوپۇمبۇلاق» نىڭ،
رۇخسارىدا تۈگەل شادلىق ئاغرىقىنىڭ، ساقىنىڭ.
«سوپۇمبۇلاق» چۈشكەن ھارۋا سامالىيوت بولدى،
خاسىيىتىدە ھوشۇر ئىسلام قاققان قاناتىنىڭ.

مەھەللىمىز بۈگۈن كۆكتە ئۇچقاندەك بولدى،
قىزلار گويا بىر تالدىن گۈل قىسقاندەك بولدى.
ئۇچۇرىمىز ئاڭلانغان كۈن تويغا ئايلىنىپ،
جىمى كەپكۈر تۈگەل پولۇ ئۇسقاندەك بولدى.

سادىغاڭ كېتەي، يۇرت بالىسى يۇرتىنىڭ كۆزىكەن،
ئويلىغىنى، سۆزلىگىنى يۇرتنىڭ سۆزىكەن.
يۇرتىمىزنىڭ غورۇرىدىن ئايان بولدى شۇ،
يۇرت بالىسى ــ يۇرتنىڭ يۈزى، يۇرتنىڭ ئۆزىكەن!

دېيىلگەنغۇ: «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى!»
ئالىملاردا بۇ ئالەمنىڭ تىزگىنى، چۈنكى،
سىزدەك تۈمەن ئالىملارنىڭ ئەجرى بولمىسا،
قايدىن بولسۇن زامانىۋى ئالەم بۈگۈنكى؟!

سىز چىققان تاغ ئەھلىي ئىنسان ياشنايدىغان تاغ،
دەل بىزدەكلەر دادىل قەدەم تاشلايدىغان تاغ.
جاھالەت ۋە نادانلىقتىن تۈگەل قول ئۈزۈپ،
بىزدەكلەرنى پاراغەتكە باشلايدىغان تاغ.

شۇ كۈنلەرنىڭ ئارزۇسىدا يۈرەتتۇق بىزمۇ،
شۇ كۈنلەرنىڭ پىراقىدا كۆيەتتۇق بىزمۇ.
ئەھلىي ئالىم قوۋمى بىزدىن قاچان چىقار دەپ،
ئاياغلاشماس خىياللارنى سۈرەتتۇق بىزمۇ.

سىزدىن ئۇچۇر كەلگەن بىر كۈن، شۇنداق كۈن بولدى،
سىز توغرۇلۇق گەپ تۈگىمەي، كېچە تۈن بولدى.
بىر قەدەھتىن ئىچىپ قويدى، بەلكىم ياشلارمۇ،
بۇ كۈنلەردە جىمى تىلەك سىز ئۈچۈن بولدى.

ئەلمىساقتىن كۆپ بولمايدۇ گۆھەرنىڭ سانى،
ئۇچراتماق تەس ئادەملەردىن، شۇڭا، دانانى.
ئەجەب ئەمەس، ھوشۇر ئىسلام، تېخى سىز بىلەن
بولۇپ قالساق ئۇزاق ئۆتمەي گۆھەرنىڭ كانى!

سالماقچىمىز پەرزەنتلەرنى سىز تۇتقان يولغا،
يارىشىدۇ ياراشقاندەك باغلار بۇلبۇلغا.
ئىلىم ـ پەننىڭ بەيگىسىدە ئېيتىڭا، ئالىم،
ئايلانمايمىز قاچانغىچە بىزمۇ دۇلدۇلغا؟!

تۈمەن تەبرىك سىزگە ئازدۇر، تۈمەن چاۋاك ھەم،
تۆگە سويۇپ توي قىلساقمۇ، بولار تېخى كەم.
ياشناۋېرىڭ، ھوشۇر ئىسلام قىياسىمىزدا
ئېلىپ چىققان پەرىشتەسىز جەننەتتىن زەمزەم!

غورۇرىمىز، ھوشۇر ئىسلام، مۇبارەك سىزگە،
ئايلانغايسىز ۋەتەن ئۈچۈن مەڭگۈ ئەزىزگە.
سىز چىققان تاغ ئېگىزلىكتە ئاسمانغا يېقىن،
تىللا تىلەك، تەبرىك بىزدىن: ئۆرلەڭ ئېگىزگە.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئۇبۇلقاسىم



ئىستورما رەسىمنى ئىزھەر خالمۇرات سىزغان

# بوۋاي ۋە نەۋرە

(ھېكايە)

(مەرھۇم بوۋام ئىسھاق باستى خاتىرىسىگە)

مۇرادىل قۇتبى باستى

1 ـ ئىيۇن باللار بايرىمى كۈنى باغچا دەرۋازىسى ئىچىدىن ئۆتتۇرا بوي، كۆزەينەك تاقىۋالغان، ناھايىتى ئىمەن يەتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر بوۋاي ئون ئىككى ياشلىق نەۋرىسىنى يېتىلەپ چىقتى. بوۋاي يول بويى ئۇنىڭغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئىنتايىن كەپسىز ئىدى. ئۇنى ئېلىپ بەرسىمۇ، بۇنى ئېلىپ بەرسىمۇ رازى بولمايتتى. بوۋاي قورۇت ساتىدىغان ئايالدىن ئىككى سومغا قورۇت ئېلىپ بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بىراق بالا رازى بولماي قورۇتنى بىر چىشلەپ بېقىپلا يەرگە كۈچەپ ئاتتى. قورۇت يەرگە چۈشۈپ پارچىلىنىپ كەتتى. بالا بوۋىسىغا ۋارقىرىدى:

ــ نېمانچە قاتتىق قورۇت ئېلىپ بەردىڭ، چىشىمنى ئاغرىتىۋەتتى، ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن يۇمشىقىنى ئېلىپ بەرمەمسەن!ــ دېگىنىچە چوڭ يولغا قاراپ ماڭدى. بىچارە بوۋاي قورۇتتىن يەنە بىرنى ئالدى ـ دە، نەۋرىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

ئەتىگەننىڭ ياقى بولىنىۋاتقان ئىشلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغان ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ: بوۋام رەھمەتتى ماڭىمۇ شۇنداق ئامراق ئىدى. يىغلىسام دېگىنىمنى قىلىپ بېرەتتى. ئاشۇ بوۋاي نەۋرىسىگە كۆيۈنگەنگە ئوخشاش ماڭىمۇ شۇنداق كۆيۈنەتتى. بازارلارغا ئاپىرىپ ئويۇنتىپ، قولۇمغا پۇللارنى تۇتقۇزاتتى. بىراق مەرھۇم بوۋام ماڭا شۇنچە قىلسىمۇ قەدرىنى بىلمەي قاقشىتىپتىكەنمەن. ناۋادا بوۋام رەھمەتتى ھايات بولغان بولسا ھەرگىز ئۇ بالىغا ئوخشاش خاپا قىلمايتتىم، قەدرىلەيتتىم، دەردىگە دەرمان بولاتتىم...


بالا ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى توسقىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

(ئاپتور شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى شۆبە سەنئەت مەكتىپىدە)

# قۇرىغان كۆلدىكى جېنى يوق بېلىق

مەرھابا غوپۇرجان

## چوققىدىكى لىرىك كۈي



باللار كۆڭلى

ئېگىز چوققا ــ مېنىڭ ئۆيۈم،
تولىمۇ گۈزەل، تولىمۇ سوغۇق،
كىم بېرىدۇ ماڭا،
يېڭى كىيىمنى؟

مەن توگلىدىم ،
تەلمۈردۈم ئەتراپقا ،
كىم ئىللىتار مېنى ،
ئۆتتىدۇ كۈنلەر ،
تېزىق بولۇپ ئۆتتىدۇ ئايلار ،
كېلەر بىر كۈن ،
نورۇز دەپ ،
چۈشەر بېشىمغا ،
باھار نۇرى ،
ھەي بىلمەيدۇ دە ،
ئېيتىپ بېرەي ، ئېيتىپ بېرەي!

باھار بىزنى سۆيىدۇ ،
سىلەردىن بۇرۇن ،
ئۇ ،
نۇر بىلەن ئىز سالىدۇ ،
چوققىلارغا ،
ئۇ بېرىدۇ بىزگە ،
يېڭى كىيىم ،
يېڭى ياش ،
چوڭ بولۇڭلار ،
مەزمۇت ئۆسۈڭلار ،
ئېگىز دەرەخ بولۇڭلار ، دەپ .

## كۈز لىرىكىسى

كۈز ئاۋازى كېلەر ھەر ياندىن ،
شۇىرلايدۇ سارغۇچ خازانلار .
نەگە كەتتى يېشىل تەبىئەت ،
ئالتۇن رەڭدە جىلۋىنەر تاغلار .

خوش دېگەندەك ئۈمچىيەر دەرەخ ،
يوپۇرماقنى ئۈزىتىپ شۇنداق .
«كېلىپ كېتەر جاھانغۇ بۇ!؟» دەپ ،
خازانلارنى بەزلەيدۇ توپراق .

## قۇرىغان كۆلدىكى جېنى يوق بېلىق

ئۈزىدۇ پىلتىڭلاپ كەگرى كۆلچەكتە ،
جېنى يوق بېلىقلار شوخلۇقى بىلەن .
سۈيى يوق كۆلچەكتىن ئىزدىشەر ئوزۇق ،
يەپ ـ ئىچىپ ، باياشات ، ياشايدۇ «ئىسەن» .

سۇ دېگەن بېلىقنىڭ جېنى ھەم تېنى ،
ۋە لېكىن بېلىقلار ياشايدۇ سۇسىز .
بۇ تالانت يېتىلدى قاچان ئۇلاردا ،
پاك سۇدىن ئايرىلىپ ھايات ۋە جانسىز .

## تۇمان لىرىكىسى

زېمىننىڭ دەردىنى تىڭشايدۇ تىمتاس ،
تۆكۈلگەن يوپۇرماق باغرىنى يېقىپ .
تۇمان بوپ تارايدۇ ئازابلىق يېشى ،
كىرىدۇ ۋەتىنى قەلبىمگە سىڭىپ .

تىڭشايدۇ قۇشلارمۇ ، دەل ـ دەرەخلەرمۇ ،
تىڭشىماس بوپ قالدىڭ ، بوپ قالدىڭ سەنلا .


زېمىننىڭ دەردىنى تىڭشايدۇ تاغلار ،
زېمىننىڭ دەردىنى تىڭشايدۇ دەريا .

زېمىننىڭ دەردىنى سېزىمەن جىمجىت ،
ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلەر يەرگە .
تۇماننىڭ ئىسكەنجى سىقار كۆڭۈلنى ،
قۇياش نۇر چاچالماس ئۇشبۇ سەھەرگە .

(ئاپتور غۇلجا شەھەر3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپتا)

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم**

## ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەۋەللۇتىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز!



سۈرەتتە:ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق، ۋەتەنپەرۋەر، ئوت يۈرەك شائىرى ـ لۇتپۇللا مۇتەللىپ (سولدىن بىرىنچى كىشى)، ئوتتۇرىدىكى كىشى شائىر بىلال ئەزىزى، ئوڭدىكىسى زاكىر. 1942- يىلى

سۈرەتنى: تۇرسۇن ئەرشىدىن تەمىنلىگەن




دەريا بويى ئاق تېرەك، قەلبىمىزدە ئاق تىلەك

خالمۇرات قېيۇمبەگ فوتوسى

مۇشتەرى بولۇڭ

ئالاقىلەشكۈچى: خالمۇرات قېيۇمبەگ TEL:13899717142

مۇشتەرى بولۇڭ ● ئەسەر ئەۋەتىڭ ● قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

国际标准刊号：ISSN1005-8710 国内统一刊号：CN65-1057/I 邮发代号：58-75 零售价：6.00元